


— ئۆز مىللىتىنىڭ ماھارىتىگە كۆڭۈل بۆلمىگەن
مىللەت كەلگۈسىنى دەرىجە قىلغان مىللەتتۇر.

ئوماق سىڭلىمغا تىلەيمەن، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە
مۇبارەك بولسۇن، بەخت سىزگە يار بولسۇن!
پەقەت تۇغۇلغان كۈنىڭىزدىلا ئەمەس، كۈندىلا
قەدىرلىك بولۇپ ياشىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

— ھەدىڭىز ئارزۇگۈل ئۆمەر.

2002-6-1.

مەمتىمىن ئەلا

# تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە

(ئەدەبىي خاتىرە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: سادىر ئابلىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئانام رابىيە تۇرسۇنهاجىگە بېغىشلايمەن.

—ئاپتوردىن



ئاپتور: مەمتىمىن ئەلا

图书在版编目（CIP）数据
从塔克拉玛干到欧洲/买买提明·艾拉著. — 乌鲁木齐：
疆人民出版社，2001.12
ISBN 7－228－06857－2
Ⅰ. 从… Ⅱ. 买… Ⅲ. 维吾尔族—少数民族文学：
现代文学—文学研究—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. I207.915－53
中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 090723 号

策划：乌市安淇拉书店.
责任编辑：库来西江·欧麦尔
责任校对：阿不都热依木·阿不力米提
封面设计：卡米力·吾守尔

**从塔克拉玛干到欧洲**（维吾尔文）

买买提明·艾拉　著

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 5.5 印张
2002 年 4 月第 1 版　　2002 年 4 月第 1 次印刷
印数：1—4,000

ISBN 7－228－06857－2/I.2509　　定价：8.00 元

# مۇھەررىردىن

مەمتىمىن ئەلا 1971 ـ يىلى 7 ـ نويابىر ئاتۇش شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغاندىن كېيىن، 1989 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1993 ـ يىلى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تەقسىم قىلىنغان. ئاپتور شۇنىڭدىن تارتىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن.

مەمتىمىن ئەلا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقاندا «دەريا: ياۋايىلىق ۋە مۇھەببەت» دېگەن تۇنجى ئوبزورى بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى باشلىغان. ئۇنىڭ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «دېڭىزدىكى مەڭگۈلۈك ئەپسانە: ئادەم — تەبىئەت»، «شېئىردىكى تۇيغۇ ۋە تۇيغۇدىكى شېئىر»، «ئېشەك ۋە ئادەم»، «ئەخلاق تراگېدىيىسى ۋە ئەدەبىيات»، «ئەسئەت ئەمەتنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى ھەققىدە»، «شېئىر ۋە مەن»، «تەنھالىق ياكى سەنئەتكارلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى»، «ۋىناسنىڭ بىلىكى نەدە؟» (ئېلان قىلىنمىغان)، «ئېزىتقۇ قەسىردىكى ئادەم: بورخىس ۋە ئۇنىڭ ھېكايىچىلىق سەنئىتى» قاتارلىق يىگىرمىدىن ئارتۇق ماقالىلىرى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

مەمتىمىن ئەلا ھازىر بېلگىيىنىڭ لېۋېن ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە ئىنستىتۇتىدا غەرب پەلسەپىسى بويىچە ياردەمچى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتىدۇ.

## مۇندەرىجە


ياۋايى تۇغما مۇنتىزىم ........................................ 1
سەن كىم ؟ ........................................ 30
غەرب مەدەنىيىتى ، تەكلىماكان ۋە باشقىلار ........................................ 52
غەرب مائارىپىدىن ئويلىغانلىرىم ........................................ 98
مەدەنىيەت ۋە تەنھالىق ........................................ 155

# يات ئەلگە سەپەر

*ئادەم دېگەن زادى نېمە ؟ يوقلۇق چەكسىزلىكتە ، پۈتۈنلۈك يوقلۇققا سېلىشتۇرۇلغاندا ، ھەممە نەرسە بىلەن يوقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى نۇقتا چەكسىز يىراقلىشىدۇ ۋە ئېكسترېملىقلارنى ( چەكتىن ئېشىش ) چۈشىنىشكە ئايلىنىدۇ . پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ ئاخىرى ۋە ئۇلارنىڭ پىرىنسىپى چۈشەنگىلى ۋە يەتكىلى بولماس مەخپىيەتلىكى بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى يوشۇرغان .*

*ئوخشاشلا ، ئۇ ئۆزى كەلگەن يوقلۇقنى ۋە ئۆزىنى قويۇنغا ئالىدىغان چەكسىزلىكنى كۆرۈشكە قادىر ئەمەس .*

— بلېيس پاسكال

بېيجىڭدىكى چېگرىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى تۈگىتىپ ، ئايروپىلان كۈتۈش ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇردۇم . كاللام قۇپقۇرۇق ئىدى . بۇ قۇتلۇق سەپەر — بىلىم ئېلىش ئۈچۈن بېلگىيىگە بېرىشىمنىڭ ئۇزاقتىن بېرى مەندە قوزغاپ كېلىۋاتقان قىزغىنلىقلىرى ئەمدىلىكتە بولسا سۇسلاپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى . مەن خۇددى ئۇرۇمچىگە قايتىدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدىم . ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ئاۋۇغانسېرى ، چېچىلغان زېھنىمنى يىغىشقا باشلىدىم . كاللامدا بىر سوئال ئەگىپ يۈرەتتى : « مەن نەدىن نەگە كېتىۋاتىمەن ؟ » تۇرۇپلا جىددىيلىشىشكە باشلىدىم . مېنى خۇددى مەن چۈشىنەلمەيدىغان ۋە تېگىگە يېتەلمەيدىغان بىر مەۋھۇم چەكسىزلىك قوينىغا ئالىدىغاندەك ئىدى . كاللامدا مۇشۇ سەپەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن يېگەن غەملىرىم بىر - بىرلەپ تىزىلىشقا باشلىدى : كېچە - كۈندۈز ئۆگىنىش ، ئىمتىھان ، قوبۇل قىلىنىشنى كۈتۈش ، ئەلچىخانا ، سەپەر ... ھەربىر غېمىم يېڭى غەم ئالدىدا پۈتۈنلەي ئاجىزلىشىپ

ماڭغانىدى ، ئەمدىلىكتە سەپەر غېمى ئالدىنقى غەملەرنى ئاللىقاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى . ئەجەبا ، ھايات كونا غەملەرنىڭ ئاجىزلىشىشىنى ئۈن - تىنسىز سېزىش بىلەن يېڭى غەملەرنىڭ كېلىشىنى ئامالسىزلا كۈتۈشنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانمىدۇ ؟ بېلگىيىلىك داڭلىق دراماتورگ مېتتېرلىنىك « ھايات ئازاب چېكىش ، كۆز يېشى ، جۇدالىق ۋە ئۇلۇغ پاجىئە ئەمەس ، بەلكى دەل بۇلارنىڭ بولماسلىقى پاجىئەدۇر » دېگەنىكەن . ئەمىسە ، ئالدىمدا كېلىشى مۇمكىن بولغان غەملەرنى قايسى تەرزدە كۈتۈۋېلىشىم كېرەك ؟

ياۋروپا ھەققىدىكى خىيال ماڭا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا ، « گرىم چۆچەكلىرى » دېگەن كىتابتىن باشلانغانىدى . لېكىن ، بۇ مېنىڭ ھازىرقى خىيالىم ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا مەن « گرىم چۆچەكلىرى » نى خۇددى « ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى » دەكلا ئوقۇغانىدىم . ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرقنى ھېس قىلمىغانىدىم . « گرىم چۆچەكلىرى » دىكى ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز قىسسىلەر يېنىمدىلا — قۇياشنىڭ ئوتلۇق تەپتى ئاستىدا ھاياتنىڭ قايناقلىقى ، سىرلىقلىقى ، سېھىرىيلىكى ۋە تراگېدىيىلىرىنى ئۆزىدە يوشۇرغان تەكلىماكان ئەتراپلىرىدا يۈز بەرگەندەكلا ئىدى . شۇڭلاشقىمۇ ، تەبىئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ۋە ئۇنىڭدا ياشاش جەريانىدا ئۆزىدە سىرلىق ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇر يېتىلدۈرگەن خەلقىم بىلەن بۇ چۆچەكلەرنىڭ ئىگىسى بولمىش ياۋروپالىقلار ئوتتۇرىسىدا ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان غايىۋانە ئىنسانىي ئورتاقلىق بار ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا ، بۇ چۆچەكلەر مېنىڭ دۇنيانى كۆزىتىشىمدىكى كۆزنىكىم ئىدى . بۇ چۆچەكلەر مېنى ئىپتىدائىي ۋە مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىنسانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ھەققىـ





دىكى ساددا ۋە سەمىمىي تەسەۋۋۇرلىرىغا چەمبەرچاس باغلىۋەتكەنىدى ياكى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرلەردىكى ئويلىرى ، ئارزۇلىرى ۋە تەسەۋۋۇرى دەل مېنىڭمۇ بالىلىق قەلبىمدىكى ئويلار ، ئارزۇلار ۋە تەسەۋۋۇرلار ئىدى . ھاياتلىق ۋە دۇنيا ھەققىدىكى ئىپتىدائىي تۇيغۇ پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق ئىدى . شۇنداقلا ، ئۇلار بۇنى ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇراتتى .

چۆچەكتىكى ئادەمگە ياكى ئەپسانىۋى ئادەمگە نىسبەتەن ، چۆچەك ۋە ئەپسانىنىڭ ئۆزى رېئاللىق . چۆچەك رېئاللىقنىڭ سىمۋوللاشقان شەكلىنىڭ ئىپادىسى ! ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان چۆچەكلەر تەكرار ئېيتىلىپ كەلدى . چۆچەكتىكى يومىلاق شەكىلدىكى ۋاقىت مەڭگۈ يوقالمايدۇ . بۇ ، ئادەمگە خۇددى تارىخ بىلەن تەقدىرنىڭمۇ يۇمىلاق شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . شۇڭا ، بالىلىقىم چۆچەكلەرنى تارىخ ۋە تەقدىر سۈپىتىدە كۆرۈشكە ئاڭسىز ھالدا ئادەتلەنگەنىدى . چۆچەكلەر مەن ئۈچۈن بىردىنبىر ۋە ھەقىقىي رېئاللىق ئىدى . چۈنكى « ياغاچ ئات » ماڭا ھېلىھەم ئەجدادلىرىم ئات ئوينىتىپ ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىنى ، موڭغۇل دالالىرىنى ، تەڭرىتاغ ۋە تەكلىماكان ئېتەكلىرىنى ، شۇنداقلا يىراق ئەللەرنى كەزگەن ۋە بويسۇندۇرغان تارىخنى خۇددى تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن ئىشلاردەك ھېس قىلدۇرىدۇ . « ئېچىل داستىخىنىم » مېنى ھاياتنىڭ خۇددى ئاچچىق جازاسىدەك بىلىنىدىغان زورۇرىيەتلىرىدىن خالاس قىلىپ ، ئەركىن خىيالنىڭ قوينىدا ياشاتقۇزىدۇ . « يېرىلىك تېشىم » تەقدىر بىلەن ھايات قېلىش ئوتتۇرىسىدىكى ئاخىرقى پاناھگاھتىن شەپە بېرىدۇ . چۆچەكلەر مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئادەم بىلەن كائىناتنى « مەڭگۈلۈك قايتىش » شەكلىدە يۇغۇرۇۋەتكەن .

كاللامدىكى ھېلىقى سوئال يەنە تەكرارلاندى : « مەن نەدىن نەگە كېتىۋاتىمەن ؟ » چۆچەكلەردىكى « ئۇچار گىلەم » گە ئولتۇرۇپ يىراق ئەلگە — چۆچەكسىمان بوشلۇققا بارامدىمەن ؟ زامانىۋىلىك بىلەن ئەپسانە ، مېخانىك رېئاللىق بىلەن خام خىيالغا تولغان تەكلىماكان كەلگۈسۈم توغرىسىدا قانداق بېشارەتلەرنى بېرەلىشى مۇمكىن ؟ لېكىن ، مەن « ئۇچار گىلەم » ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىم بىلەن مەن بارىدىغان بېلگىيە ئوتتۇرىسىدا ياتلىشىش بولۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز بايقاپ قالدىم . قارىغاندا ، بالىلىقىمدىن تارتىپ ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن « ئۇچار گىلەم » خىياللىرى باشقىلارغا تولىمۇ يىراقتىكى ئىشتەك بىلىنەتتى ياكى ئۇنىڭ دەۋرى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەنىدى . كىشىلەر سادىدا ۋە شېرىن چۆچەكلەر دۇنياسىدىن چىقىپ ، رېئاللىققا سوغۇق قان ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەك ئىدى . دېمەك ، ئەمدىكى مەسىلە تەكلىماكان ئېگىسىنىڭ يېڭى ۋە يات دۇنيادىكى تەقدىرىنى كۆزىتىش ئىدى . گەرچە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەكلىماكان ئېگى بىلەن ياۋروپا رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇناسىۋەتنى بىلىشىم مۇمكىن بولمىسىمۇ ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى رىشتىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى مېنى تولىمۇ قىزىقتۇراتتى .

ئايروپىلان كۆتۈرۈلگەچ ئۆزۈمنى ئويلاپ باقتىم . خىياللىرىم تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى . ئاشۇ دەقىقىدە ئۆزۈمنى تىنىدەك يالغۇز سېزەتتىم . ئەتراپىمدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى خۇددى كۆرۈنمەس ئادەمگە ئوخشاش جىمجىت كۆزىتىۋاتاتتىم . ۋەھالەنكى ، يەنە باشقا بىر كۆزىتىش نۇقتىسى تەرىپىدىن كۆز تىكىسەم ، شەكسىزكى ئۆزۈمنى « مۇتلەق » تەنھا دېيەلمەيتتىم . چۈنكى ، مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئابستراكت مەنىدىكى شەخسنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .





مېنىڭ تەنھالىقىم مەۋجۇتلۇق نۇقتىسىدىن تەلتۆكۈس تەنھالىق كاتېگورىيىسىگە كىرگىنى بىلەن ، مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن مەن تەكلىماكاندىن كەلگەن ئادەم ئىدىم . يات كوللېكتىپ ئارىسىدا تىنىدەك يالغۇز قالغان ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىدا بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان « قەۋم ۋەزنى » نى ھېچقانداق كاشىلىسىز تولۇقى بىلەن چۈشىنەلەيدۇ . دېمەككى ، شەخس ماھىيەتتە ئۆزى تەۋە قەۋمنىڭ ياشاش ئىرادىسىنىڭ رېئاللىشىشى . زامان نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، قەۋمنىڭ پۈتكۈل تارىخى ۋە رېئاللىقى شەكىللەندۈرگەن يوشۇرۇن ھاياتلىق ئىقتىدارى ھەر ۋاقىت ، مەيلى ئاجىز ياكى كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، شەخس بىلەن بىللە ؛ ماكان نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، شەخس ئۆز قەۋمىنىڭ ھاياتلىق ساپاسىنىڭ ھەرقانداق بىر رايون ياكى دۆلەتتە ياشىيالاش ۋە ياشىيالماسلىقىنى سىنىغۇچى ۋە رېئاللاشتۇرغۇچى . ھازىر قارىماققا مەن « سەپەر » قىلىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن ، ۋۇجۇدۇمنىڭ چوڭقۇر — چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن تەكلىماكان روھى مەن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياشاش ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى . مەن بولسام بۇ ئىرادىنىڭ يات ئەل ۋە قەۋمدىكى مەۋجۇتلۇق ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ياشاش شەكلىدە بېشىمدىن ئۆتكۈزەتتىم . ئۇنىڭ ھايات كۈچىنى ، تارىخىنى ۋە رېئاللىقىنى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش شەكلىدە ئەڭ چوڭقۇر چۈشىنەتتىم . تەكلىماكاننىڭ يىراق قەدىمكى رېئاللىقى بىلەن ھازىرى ، ئۇنىڭ بۈگۈنى بىلەن ياۋروپانىڭ يىراق قىرغاقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت داۋامىدا ئۆزۈمنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتىمنى تېخىمۇ چۈشىنەتتىم . تەكلىماكان روھىغا ۋە مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇش سۈپىتىم بىلەن ، تەكلىماكاننىڭ چۈشلىرىنى ۋە ئارزۇسىنى تېخىمۇ يىراققا ئېلىپ كېتەتتىم . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت ئەلچىلىرىگە ئوخشاش ، تەكلىماكان مەدەنىيىتىنى — دۇنيانىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كې-

تەي ، دەپ قالغان قەدىمىي مەدەنىيەتنى — يىراق ئەلگە توشۇغۇچى ئەلچى ئىدىم .

ئايروپىلاننىڭ تېخنىكىلىق سەۋەب تۈپەيلى كېچىكىپ ئۇچىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغاندا ، ھېلىقى سوئال كاللامدا يەنە تەكرارلاندى . « مەن نەدىن نەگە كېتىۋاتىمەن ؟ » كۆزۈمنى يۇمۇپ ، ياۋروپانىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى قىياس قىلىشقا باشلىدىم . ياۋروپانىڭ پۈتكۈل ئوبرازى مەن ئوقۇغان كىتابلاردىكى تەسۋىرلەر ۋە كىنولاردىكى كۆرۈنۈشلەر ئىدى . بودىلېرنىڭ سىمۋولى ، ئاسىيلىقا ۋە ئەسەبىيلىككە تولغان شېئىرلىرىدىكى چۈشكۈن ۋە ئۇنتۇلغۇسىز فرانسىيە ؛ دېككېنس تەسۋىرلىگەن قاراڭغۇ ۋە ئادەمنى پەرىشان قىلىدىغان ئەنگلىيە ؛ جامېس خويسنىڭ ئۆزى ھەم سەسكىنىدىغان ھەم ئىنتىلىدىغان دۇبلىن تۇرمۇشى ؛ فرانز كافكا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن مۇزدەك رېئاللىق ۋە بىر - بىرىدىن ياتلاشقان ئادەملەر ؛ مەۋجۇدىيەتچىلەر نەزەرىدىكى شەخسىي ئەركىنلىك بىلەن مەسئۇلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بىمەنە دۇنيا ؛ پەيلاسوپ مارتىن خېيدگېر ئېيتقان « ياۋروپا ئېگىنى يېگىلايدىغان » 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىبارەت قاباھەتلىك تارىخنى يازغۇچى گېرمانىيە ؛ قەدىمىي تۈسى قويۇق مەيدانلىرىنى ئىنسانلاردىكى يوقالماس ئۈمىد — تىنچلىق ئارزۇسىنىڭ سىمۋولى بولغان كەپتەرلەر قاپلىغان ئىتالىيە كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى . ياۋروپا ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ سالاھىيىتى كاللامدا كۆپ قىرلىق پىرىزما شەكلىدە ئىدى . ئۇنىڭدىن خىلمۇخىل نۇر تارىلىپ تۇراتتى . بىر تەرەپتىن ، ياۋروپا ئىنسانىيەت ئىرادىسىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ قىسمىغا ۋە مەزمۇنىغا ۋەكىللىك قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ قەدىمىي زېمىندا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان قىرغىنچىلىق ۋە قاباھەتلىك ھۆكۈم سۈرگەنىدى . بەلكىم ياۋروپانىڭ ئاشۇ كۆپ قىرلىق ئوبرازىغا ئومۇمىي ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەگسىز





سىرلىرى يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك . بۇ ھەم ئۇنىڭ جەلپكار نۇقتىسى ئىدى .

ياۋروپا ماڭا تولىمۇ قېرىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى . چۈنكى ئۇنىڭ تارىخىغا ئادەمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر تولۇپ كەتكەنىدى . ھەربىر ۋەقە ئۆز نۆۋىتىدە بىزگە نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىتەتتى . تارىخنىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلىرىدىن نىتزىنىڭ « يۈكسەك ئادەم » ئوبرازىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ساداسىنى ھەر ۋاقىت ئاڭلىغىلى بولاتتى . شۇڭلاشقىمۇ ، ياۋروپا يەنە بىر تەرەپتىن ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمىغانىدى . بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تولىمۇ قەدىمىي سەلتەنىتى سەۋەبچى بولسا كېرەك . كىشىلەر ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى ، دەپ قارايدۇ . گەرچە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى كېيىنكى مەزگىللەردە خارابىلاشقان بولسىمۇ ، ئۆز تەسىرىنى ۋە سەلتەنىتىنى ياۋروپا غول ئېقىن مەدەنىيىتى جەريانىدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى . ئەمىسە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى زادى قانداق ئىدى ؟ بۇ دەل مەن ئىزدەنمەكچى بولغان سوئال . چۈنكى مەلۇم مەدەنىيەتنى تولۇقى بىلەن چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەش كېرەك . چۈنكى مەدەنىيەت تۇرغۇنلۇق ئەمەس ، بەلكى بىر جەريان بولۇش سۈپىتى بىلەن قەۋمنىڭ ئۆلچەملەشكەن ھاياتلىق ئىدىيىلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ بىرلىكىدۇر .

ئايروپىلان ئۇچماي كېچىككەنسېرى ، كۈتۈش ئۆيىدىكى يولۇچىلار جىددىيلىشىشكە باشلىدى . ئەتراپىمدىكى يولۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەللىكلەر ئىدى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەماللىققا بىلەلمىدىم . ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا زەن سېلىپ باقتىم ، ئىنگلىزچىغا ئوخشىمايتتى . قارىغاندا

ئۇلار داچچە①سۆزلىشىۋاتسا كېرەك . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېچ-
نېمىگە پەرۋا قىلماي بەخىرامان پاراڭلىشىپ تۇراتتى . تەرتىپ-
لىك تۇرمۇش رىتىمىغا كۆنگەن بۇ چەت ئەللىكلەر ئايروپىلان-
نىڭ كېچىكىشىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىگە تولىمۇ سوغۇق قان
مۇئامىلە قىلىشىۋاتاتتى . مەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ چەت ئەللىك ئوقۇ-
غۇچىلارنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل خادىمىغا ئىككى كۈن ئاۋۋال
بېلگىيىگە ئۇچۇش ۋاقتىم توغرىسىدا فاكىس سېلىۋەتكەچكە ،
ئايروپىلاننىڭ كېچىكىشى مېنى خېلىلا جىددىيلەشتۈرۈپ قو-
يۇۋاتاتتى . ئەگەر فاكىسمنى قوبۇل قىلغان خادىم ئايروپىلاننىڭ
كېچىكىشىنى بىلمەي كېتىپ قالسا ، بېلگىيىدە تېنەپ قېلىشىم
ئېنىق ئىدى . بۇ مېنىڭ چەت ئەلگە تۇنجى قېتىم چىقىشىم بول-
غاچقا ، بېلگىيىگە چۈشكەندىكى قىيىنچىلىقلارنى ئويلاپ بېشىم
قېتىپ كەتتى . بۈگۈندىن باشلاپ ھەممە ئىشلىرىمنى ئۆزۈم يال-
غۇز بىر تەرەپ قىلىشىم كېرەك ئىدى . دۇنياغا تىغدەك يۈزلىنىش
دېگەن شۇدە . ئەسلىدىمۇ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھالىتى مېنىڭ
ھازىرقى ھالىتىمنىڭ دەل ئۆزى ئىدى . بىز پەقەت رېئاللىقىمىزغا
ئۆزىمىزنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ۋە دوستلىرىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى
كىرگۈزۈۋېلىپ ، ساختىنا قەسىر ئىچىگە كىرىۋېلىپ ، خاتىرجەم-
لىك تۇيغۇسىغا ئېرىشىدىكەنمىز . ئەمەلىيەتتە ، ئالدىمىزدىكى
ھەممە ئېھتىماللىق ۋە يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكلىرى بىزدىن تەنھا
ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى . بۇ يەردە خام خىيالغا ئورۇن
يوق ئىدى . قىيپىلىڭاچ رېئاللىق ، بىلگىلى بولمايدىغان ئېھتىمال-
لىق ۋە مۇزدەك كەلگۈسى .

تۇيۇقسىز پىسخىك ساپا توغرىسىدا ئويلاپ قالدىم .

---

① داچ ( Dutch ) — گوللاندىيە تىلىنى كۆرسىتىدۇ ، لېكىن بېلگىيىنىڭ
شىمالىي قىسمىدىكى فلەمىش خەلقىمۇ بۇ تىلنى قوللىنىدۇ . بېلگىيىنىڭ دۆلەت
تىلى داچ ۋە فرانسۇز تىللىرى بولۇپ ، بېلگىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى فرانسۇز تىلى
رايونى ، يەنى ۋاللونىيە دەپ ئاتىلىدۇ .





ئادەمنىڭ روھىنىڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، روھ يات مۇ-
ھىتتا ئۆز تەنھالىقىغا يوشۇرۇنغان قۇدرەت ئارقىلىق ، ئادەمدە
ئاۋۋالقى بىخەتەرلىك ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئاخىرلاشقان
جايدىن يېڭى ماسلىشىش قابىلىيىتىنى ئاستا - ئاستا يېتىلدۈرۈپ
چىقالايدۇ . يات مۇھىت ۋە بىلگىلى بولمايدىغان كەلگۈسىنىڭ
ئالدىدا ئادەمدە روھنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قۇدرەتكە تايانماقتىن
باشقا ئامال يوق . پىسخىك ساپا شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى ، ئادەم
بارلىق تايانچىلىرىدىن ئايرىلغاندا ، ئۆزى يېتىلدۈرگەن ياشاش
ئىقتىدارى ۋە ماسلىشىش قابىلىيىتى ئارقىلىقلا يېڭى ئۈمىدكە ئې-
رىشەلەيدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىدە
بار ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزالايدىغان پىسخىك ساپانى دەڭسىيەلەيدۇ .
ئۆزىنى تونۇش ئادەمنىڭ تىغدەك تەنھالىقىدىلا ئېنىقلىققا ئىگە
بولىدۇ . چەكسىز ئېھتىماللىققا تولغان بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ
پەلسەپىسى شۇكى ، ئادەم ئۆزىنىڭ پىسخىك ساپاسىغا قارىتا خام
خىيالدا ۋە خاتا مۆلچەرلەشتە بولماسلىقى ، تېخىمۇ مۇھىمى رو-
ھىنىڭ قۇدرىتىنى ئەڭ ئېنىقلىقتا تۇيالىشى كېرەك .

گەرچە مەن پۈتۈنلەي ناتونۇش ئەلگە بارساممۇ ، لېكىن
ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇش شەكلىنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىنىڭ
مېنىڭكى بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىپ كېتىشى ناتايىن
ئىدى . ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن پۈتۈن جىسمىمنى چىرماپ
تۇرغان « ھازىر »نىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن بىر پەس قۇتۇلۇپ ،
كەلگۈسىمدە بولىدىغان ئىشلارنى كۆرەلمەيدىغان بولغاچقا ،
مەندە كۈتمەكتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى . شۇڭا ، كەلگۈسىدە
بىزنى كىمنىڭ ، قاچان ۋە قەيەردە قايسى خىل شەكىلدە كۈ-
تۈۋالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن . ئەجەبا ، ھېچكىم
كۈتۈۋالمايدىغان يېگانە سەپەر بەزى چاغلاردا قورقۇنچلۇق
بولارمۇ ؟ بىر تامچە سۇنىڭ سۇغا قېتىلىپ يوقاپ كېتىشى بىلەن
بىر ئادەمنىڭ يات ئەلگە ئۆزلىشىپ كېتىشى ئوتتۇرىسىدا زادى

قانچىلىك پەرق بار ؟ ئەگەر كەلگۈسۈمدىكى ئېنىقسىزلىق ئۆتمۈشكە ئايلانغاندا ۋە خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ، بەلكىم يەككە شەخس بولۇش سۈپىتىم بىلەن خۇددى سۇغا ئوخشاش ھەرقانداق جايغا ھەرقانداق چاغدا سىڭىپ كېتىشىم مۇمكىن . لېكىن ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۆزۈم تەۋە مەدەنىيەت ئاتا قىلغان مەڭگۈ ئۆزگەرمەس سالاھىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن باشقا يات مەدەنىيەتكە پۈتۈنلەي ياكى ئىزسىز سىڭىپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى مەن نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەتنىڭ دەققىلىق ئەمەس ، بەلكى ئۇزاق يىللىق مەھسۇلى ئىدىم . مېنىڭ تىنىقىم ، ئاۋازىم ۋە ئويلىرىمغا تەكلىماكان روھى سىڭگەنىدى . مەن بۇنى كېيىنچە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم .

ئايروپىلان ئاخىر ئۇچىدىغان بولدى ، لېكىن ئۇ توپتوغرا توققۇز سائەت كېچىككەنىدى . مەن ئالدىمغا چىقىپ مېنى كۈتۈۋالىدىغان ئادەمدىن ئۈمىدىمنى پۈتۈنلەي ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇم . چۈنكى ، بىز ئەتىسى ئەتىگەن سائەت تۆتلەردە برىيۇسسېل ئايرودرومىغا قوناتتۇق . دەل شۇ چاغدا ، ئۆزۈمنى بەزلەيدىغان ۋە روھىمنى سەل - پەل كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان سۆز ئىزدەشكە باشلىدىم . شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى ، مەن ئىزدەۋاتقان سۆزنى مەندىن ئىلگىرى ياشىغان بىر ئۇيغۇر بېشىغا كۈن چۈشكەندە دېگەن ۋە بۇنى يەنە بىر ئۇيغۇر تەكرارلىغان . دېمەك ، مەن ئىزدەۋاتقان سۆز ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن - نۇرغۇن قېتىم دېيىلگەن . ماھىيەتتە ، مەن ئىزدەۋاتقان سۆز بىزنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزدۇر . ئۇ ، ئۈمىد ئۈزۈلگەن زۇلمەتتە خۇددى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەسلى بولغان ئىمجان بالىنى يېتىلەپ ، قۇياش پارلاپ تۇرغان بوشلۇققا ئاچىققان كۆك بۆرىگە ئوخشايدۇ : « باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن » . « باشقا كەلگەننى كۆرۈش » ئۆلمىگەن جاننىڭ ھاياتلىق ئىستىكى قوزغىغان تاللاش ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۆزىدە يوشۇر-





غان بارلىق ھىيلە - مىكىرلىرى ۋە پىسترمىلىرىغىچە يالغۇز يۈزلىنىش ۋە ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىشتۇر . « باشقا كەلگەننى كۆرۈش » كۆپ خىل تاللاش ئىچىدىكى بىر خىل تاللاش ئەمەس ، بەلكى ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك بىزدىن مەجبۇرىي تاللاش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان رېئاللىق . يەنى بىز ياشىشىمىز كېرەك بولغان كەلگۈسى ۋە تىرىكلىكىنىڭ قانۇنىيىتى . دېمەكچىمەنكى ، مەن ھازىر كۆرۈنمەس كۈچنىڭ — رېئاللىقنىڭ تەلىپى ۋە مەن باشتىن ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك بولغان تەقدىرنىڭ سايىسى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتىم . ئالدىمدىكى ھەممە ئېھتىماللىقنى كونترول قىلالمايتتىم ، چۈنكى ، بىر مىنۇتتىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارغىچە ، ماڭا تەۋە ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇرۇم بىلەن ئىدراكىمدىن ھالقىغلىق ئىدى .

ئايروپىلان قوزغالدى . ئۆز ئورنۇمغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ، كۆڭلۈم سەل جايىغا چۈشتى . ماڭا بۇ سەپەر مەڭگۈ تۈگىمەيدىغاندەك ، كېيىنكى ھاياتىم سەپەر ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى . بۇ غەلىتە خىيالنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدىم . بەلكىم تۇنجىلىق تۇيغۇسى ماڭا ئاشۇنداق خام خىيالنى ئويلاتقۇزغان بولسا كېرەك — تۇرۇپلا ، ئالىي مەكتەپتىكى بىر ساۋاقدىشىمنىڭ كىتاب ئوقۇشقا يېڭىدىن كىرىشكەندە ، ماڭا ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى يادىمدىن كەچتى . « ھاياتلىق بىر كىتاب بولسا ، ئۇنى بىر ئۆمۈر ئوقۇپ ئۆتۈپ كەتسەم . » ئۇنى رېئاللىقتىن قاچقۇچى ، خىيالىي ، دەپ ئەيىبلىيەلمەيتتىم . ئۇ ئۆزى خالىغان بىر تۇرمۇش شەكلىنى تاللاۋاتاتتى . گەرچە ئۇنىڭ تاللىشى ئادەمگە رېئالسىزلىق تۇيغۇسى بەرسىمۇ ، ئۇ دەل مۇشۇ رېئالسىزلىقنى بىردىنبىر رېئاللىق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋاتاتتى . مەنچۇ ؟ مەن تاللاش بىلەن تاللىنىش ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالغانىدىم . مېنىڭ ھەربىر تاللىشىم مېنىڭ

تەقدىرىم بولاتتى . مەن ھەم تاللايتتىم ھەم كۆرۈنمەس كەل-
گۈسى تەرىپىدىن تاللىناتتىم . تۇرۇپلا ، ناھايىتى مۇھىم بىر
ئىشقا ھاياتىمغا يېڭى بۇرۇلۇش ۋە مەنە ئېلىپ كېلىدىغان ھەر-
كەتكە تەۋەككۇل قىلىۋاتقاندەك ئويلاپ قالدىم . نېمىلا دېگەنبى-
لەن ، مېنىڭ رېئاللىق بىلەن كۆچۈمنىڭ بارىچە تەسەۋۋۇر قى-
لىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان كەلگۈسىۇم ئوتتۇرىسىدىكى تۇتۇق نۇقتىدا
تۇرۇۋاتقانلىقىم ئېنىق ئىدى . ھەتتا شاللىنىش خەۋپىگە دۈچ
كەلسەممۇ ، تۇرمۇشۇمنىڭ نورماللىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ-
رۇقتۇرما بىرخىللىقنى باشقىچە تاللاش ئارقىلىق بۇزۇشۇم ئېلىپ
كەلگەن قىممەت ھەرقانداق بەدەلگە تەييار ئىدى . مەن تەۋەك-
كۇلچىلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان تاللاش ۋە ئۇرۇنۇش ئارقىلىق
ئۆزۈمنى چۈشىنىپ بېقىشقا موھتاج ئىدىم . ئۆزۈمنى تونۇش
مېنى ئۆزۈم يېتىلگەن تەكلىماكان مەدەنىيىتىنىڭ زادى قانداق
سېھرىي كۈچكە ۋە قانچىلىك قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بى-
لىشكە ئېلىپ باراتتى .

ئايروپىلان قوزغالدى . ئايروپىلان بۆلمىسىدىكى تېلېۋى-
زورلاردا ياۋروپا مەنزىرىلىرى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كۆرسىتىلىپ
تۇراتتى . چۆچەكلەر دۇنياسىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىباتلار ماڭا
ئەمدى بىراقلا تەسەۋۋۇرغا ئايلانغاندەك بىلىنىپ كەتتى .
مۇنداقچە ئېيتقاندا ، چۆچەكلەر دۇنياسى ئاتا قىلغان قىزغىنلىق
بارغانسېرى ئاجىزلاپ ، كىشىلەر ئۆز رېئاللىقىنى يېڭىچە تە-
سەۋۋۇر ئارقىلىق قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدى . بۇ-
گۈنكى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم دەپ قارى-
لىۋاتقان ۋە بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئىككى مەسىلە بۇ
نۇقتىنى يېتەرلىك ئىسپاتلىماقتا : ساياھەتچىلىك ۋە كۆچ-
مەنلىك .

دۇنيا پۈتۈنلەي ئۆچۈرلاشقان ۋە تورلاشقان ، مەدەنىيەت-
لەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ ئېچىۋېتىلىشكە يۈزلەن-





گەن بۈگۈنكى دۇنيادا ، مەدەنىيەت ئانتروپولوگلىرى تاشقى دۇن-
يادىن مۇتلەق ئايرىلغان يېگانە مەدەنىيەت كوللېكتىپىنىڭ ، تو-
پىنىڭ ۋە ئىپتىدائىي قەبىلىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بارغان-
سېرى ئىنكار قىلىشقا باشلىدى . كلاسسىك ئانتروپولوگلارنى
قىزىقتۇرغان ئىپتىدائىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان مەدەنىيەت تىپ-
لىرى ئەمدىلىكتە باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ توسۇۋالغۇسىز تەسى-
رىدە ئۆزگىرىشكە ، يېڭى مەدەنىيەت ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك
خىرىسلارنى كۆتۈرۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى . مەدەنىيەتلەر ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقە ۋە بېرىش ـ كېلىش تارىختىكى ھەر-
قانداق چاغدىكىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى . ئوخشىمى-
غان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگلار سىياسىي چېگرا ۋە
ئىدېئولوگىيە قورۇقلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، كىشىلەرگە يېڭىچە
ياشاش ئۇسۇلى ۋە تاللاش شەكلى ھەققىدە ئىزدىنىش تەخىر-
سىزلىكىنى تونۇتتى . شۇڭا ، كەلگۈسىدىكى مەۋجۇتلۇق ۋە تە-
رەققىيات مەسىلىسىنى تار رايون دائىرىسىدىن ئىزدەش ۋە ئۆز
مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيىسىگە بىر تەرەپلىمە ھالدا تايى-
نىۋېلىش ھازىرقى دۇنيادا ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇش سۈپىتىدە قا-
رىلىدىغان بولدى .

تېخىمۇ كەڭ ئالاقە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتى-
سادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەتلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە تەڭ-
شەپلا قالماي ، كىشىلەرنىڭ ياشاش ئېڭىغا تەۋەككۇلچىلىككە
ئوخشاپ كېتىدىغان تەسەۋۋۇر قۇدرىتىنى ۋە تاللاش مۇمكىنچى-
لىكىنى ئاتا قىلدى . قەدىمدە كىشىلەر دۇنيانى ئەپسانە ۋە چۆ-
چەكلەر ئارقىلىق چۈشەنسە ، بۈگۈنكى دەۋردىكى كىشىلەر دۇن-
يانى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق كۆزەتمەكتە . ئەڭ ئەمەلىي مەسىلە
شۇكى ، ھەربىر ئادەم ئۆز تۇرمۇشىنى تەسەۋۋۇرغا باغلايدىغان
بولدى . بۇ ھەقتە پوست ـ مودېرنىزملىق مەدەنىيەت ئانترو-
پولوگىيىسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئار-

جوۋن ئاپپادۇراينىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە: «تەسەۋۋۇر هازىرقى ئىجتىمائىي ھاياتتىكى يەككە ھەم يېڭى كۈچ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. دراممىلاردا، ناخشىلاردا، فانتازىيىلەردە، ئەپسانىلەردە ۋە ھېكايىلەردە ئىپادىلەنگەن تەسەۋۋۇر مەدەنىيەت جەھەتتىن تەشكىللەنگەن شەكىلدە، ھەربىر جەمئىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى.» ①

كىنو، تېلېۋىزور ۋە ھەرخىل ۋىدېئو (Video) تېخنىكىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ، بۇلار كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم كۆزنەككە ئايلانماقتا. دۇنيانىڭ مەلۇم قىسمىدا ئىلگىرى خىلمۇ خىل مەنىۋى بېكىنمىچىلىكتە ياشىغان كىشىلەر تېخىمۇ كەڭ ياشاش مۇھىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلماقتا ۋە بايقىماقتا. بۇنىڭدىكى مۇھىم ئامىل مېدىئا (Media) بولۇپ، باي، ئۆزگىرىشچان ھاياتلىق ئىمكانىيەتلىرىنى كىشىلەرگە تونۇتماقتا. مانا مۇشۇ تەسەۋۋۇر تۈركۈملىگەن جۇڭگولۇقلارنى ياش ھەم گۈللەنگەن قۇرۇقلۇق — ئامېرىكىغا جەلپ قىلماقتا. مانا مۇشۇ تەسەۋۋۇر نۇرغۇن ئافرىقىلىقلارنى، ئاسىيالىقلارنى ۋە لاتىن ئامېرىكىلىقلارنى ياۋروپادىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي ۋە مەدەنىيەتلىك قۇرۇقلۇققا كېلىشكە ئۈندىمەكتە. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، يېڭى قۇرۇقلۇقتا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ كۆچمەنلىك تارىخىنى ئۇنتۇغان ئەۋلادلار مانا مۇشۇ تەسەۋۋۇرنىڭ تۈرتكىسىدە، تارىخنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە ئۇنتۇلغان ئەسلىمىلىرىنى — ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىمەكتە. كىشىلەرگە شۇ ئايان بولدىكى، ئادەم گەرچە جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم مەنىسىدىكى چېگرىدىن ھالقىپ،

① ئارجوۋن ئاپپادۇراي: «يەنە بىر خىل زامانىۋىلىق ۋە ئېتنوگرافىك دۇنياۋىزم» (ئىنگلىزچە)، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 53 - بەت.





يىراق - يىراقلارغا كەتكەن بىلەن، ئۆزى تەۋە مەدەنىيەتنىڭ چېگرىسىدىن مەڭگۈ ھالقىيالمايدۇ. ئەگەر ھالقىدى دېيىلسە، ئۇ ئادەم ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ۋە كوللېكتىپىنىڭ قەلب تارىخىغا مەڭگۈ قايتا كىرەلمەيدۇ.

تور ئارا — ئىنتېرنېت دۇنياۋى ئۇچۇر ئىمپېرىيىسىگە ئايلىنىۋاتقان، ياشاش ۋە تەرەققىيات ئاساسىي مۇقام بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيادا، تەكلىماكاندىن كەلگەن مەندەك چۆل مەدەنىيىتى ئاپىرىدىسىنىڭ تەسەۋۋۇرى نېمىلەردىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن؟ ئەلۋەتتە، بىلىم ئېلىش كىشىلەرنىڭ قەدىمىي تەسەۋۋۇرلىرىدىن بىرى. ھېلىھەم، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ مائارىپىدىن بەھرىمەن بولۇشنى، شۇ ئارقىلىق يېڭى مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى دۇنيا ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى، دەپ قارىماقتا. شۇنداقلا، كىشىلەر ئۆز پائالىيەت دائىرىسىنىڭ مەلۇم دائىرىدە چەكلىنىپ قېلىشىنى خالىمايدىغان بولدى. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ گۈللەنگەن ئۆتەر يولىدىن ئىبارەت بولغان تەكلىماكان مەدەنىيىتى دۇنياۋى يۈزلىنىش — ئۇچۇرلاشقان دەۋردە يەنىلا ئۆز قەدىمىيلىكى ۋە سۈكۈتىنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ. ئەمدىكى يۈزلىنىش ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، كۆپ خىل ئۇچۇرلارنىڭ ئالمىشىشى، مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەرخىل شەكىلدە ئۇچرىشىشى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماكان ۋە زامان ئۇقۇمىنى يېڭىلايدۇ.

ئايروپىلان ئۇچۇۋاتاتتى. ئۇنى سائەتكە سوزۇلغان بۇ سەپەر ھاياتىمدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش بولغاچقىمىكىن سەپەرنىڭ ھەربىر ئۇششاق جەريانلىرىغىچە ئىنچىكە كۆزىتەتتىم. كاللامدا خۇددى گارسىيا ماركوسچە ۋاقىت ئۇقۇمى لەيلەڭلىك ئىدى: بۇ سەپەرنى كېيىن چوقۇم ئىنتايىن ئەستايىدىل كەيپىياتتا ئەسلەيمەن. نەگە كەلگەنلىكىمىزنى كۆرمەكچى بولۇپ، دېرىزىدىن

تۆۋەنگە قارىدىم ، لېكىن قاپقاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم . نەگە كەلگەنلىكىمىز ئايروپىلان بۆلمىسىدىكى تېلېۋىزورلاردا خەرىتىلىك كۆرسىتىلىپ تۇرغاچقا ، كەلگەن يەرلەرنى كاللامدا تەسەۋۋۇر قىلىپ ماڭدىم .

بىر دوستۇمنىڭ خوشلىشىش سۆزىدە : « مۇساپىر بولىدىغان بولدۇڭ » دېگىنىنى ئەسلەپ قالدىم . « مۇساپىر » سۆزى سەپەر بىلەن باغلانغان بولۇپ ، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ يىراق جايلاردا ماڭغان ئادەم « مۇساپىر »دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇرلاردىكى « مۇساپىر قوشاقلىرى » ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەربىر كۆچۈش ۋە كۆچۈرۈلۈش ، ياقا يۇرتلاردىكى سەرسان ـ سەرگەردانلىق ۋە سېغىنىشلارنىڭ تارىخىي ئىپادىسى . بۇلاردىن مەلۇمكى ، ئەگەر ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر بۇ قوشاقلارنى ئوقۇسا ، سەپەر قىلىشتىن يالتىيىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . شۇڭلاشقىمۇ ، قەدىمدىن تارتىپ تەۋەككۇل قىلىپ ، يېڭى ياشاش ماكانى ئىزدەش كۆپىنچە ھاللاردا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئانچە رىغبەتلەندۈرەلمەي كەلدى . پەقەت 840 ـ يىلىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تۈرلۈك ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى چوڭ كۆچۈشى پۈتكۈل ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ، ئۆز نۆۋىتىدە يېگانە سەھىپە . قارىغاندا ، تەكلىماكاننى چۆرىدەپ ، ئورتاق ياشاش ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ، ئىچكە يۈزلەنگەن توپلىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادىتى ھەرقانداق شەكىلدىكى تەۋەككۇلچىلىكنى بوغۇپ كەلگەن بولسا كېرەك . چۈنكى تەكلىماكاندىن ئىبارەت « بارسا كەلمەس يول » جۇغراپىيىلىك ئاڭ جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا مەلۇم جەھەتتىن ئامالسىزلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلغان . شۇنداقتىمۇ ، تەكلىماكاننى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان يۇمىلاق شەكىلدىكى ئىچكى ئالاقە ۋە يىپەك يولىنىڭ خاسىيىتى بىلەن بارلىققا كەلگەن تۈز لىنىيىلىك سەپەر ھەرھالدا ئۇيغۇرلارغا





« مۇساپىر » بولۇپ بېقىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ۋە قىزىقتۇرۇشىدىن بارلىققا كەلگەن تەسەۋۋۇرنى ئويغاتقان . شۇڭا ، تەكلىماكاندىن ئىبارەت مەركىزىي بوشلۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىچكە يۈزلەنگەن ھالدا توپلىشىپ ياشاش بىلەن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بەھرىمەن بولغان تاشقىرىغا ـــ باشقا ئەللەرگە سەپەر قىلىپ بېقىشتىن ئىبارەت ئىككى ئومۇمىي يۆتكىلىش ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئاساسلىق ھەرىكەت پائالىيىتىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ كەلدى . ۋەھالەنكى ، يىپەك يولىنىڭ چۆلدەرىشى ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر قىزغىنلىقىغا بېرىلگەن ئەڭ قاتتىق زەربە دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخ ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ھاياتلىق ماكانى ئىزدەش تەسەۋۋۇرىنى سەلبىي مەنىگە ئىگە قىلىپ قويدى . گەرچە يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشىدىن كېيىن ، ئۇيغۇر خەلقى بەزىبىر كۆچۈش ھەرىكەتلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي خاراكتېردە بولغاچقا ، ئۇيغۇرلار سەپەر ياكى مۇساپىرچىلىق ۋەدە قىلغان ھەرقانداق كەلگۈسىگە پەقەت گۇمان بىلەن قارايدىغان بولدى . بۇ خىل يۈزلىنىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ باشقىلاردا ـــ قوشنا ئەللەرگە ياكى يىراققا تەسىر قوزغىيالماسلىقى بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلالماسلىقتەك ئەجەللىك چېكىنىش دەۋرىگە ئېلىپ كىردى . 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياڭ زېڭشىن يۈرگۈزگەن « خەلقنى نادانلىقتا قويۇش » سىياسىتى ئۇيغۇرلار ئەينى دەۋردە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان « دۇنيا كۆرگەن » زىيالىيلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارقىغا سۈرۈۋەتتى . ۋەھالەنكى ، ئىچكى ـ تاشقى مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن پەرقنىڭ بارغانسېرى زورىيىشى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئويغانغان ياكى ئويغىنىۋاتقان قاتلىمىدا كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا قىلدى . بۇ ئەلۋەتتە ئۇچرىشىش ۋە سەپەرنى تەلەپ قىلاتتى . سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىرىشلەر مەدەنىيەت

ئۇچرىششىدىن مەھرۇم قالغان ئۇيغۇرلارغا ئاجايىپ يېڭىلىق
تۇيغۇسى ئېلىپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ، 20 ـ ئەسىردىكى
تۇنجى تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى سەپەرگە ئاتلىنىشىنىڭ تە-
خىرسىزلىكىنى تونۇپ يەتتى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلارنىڭ يېڭى مە-
دەنىيەتتە كۆرگىنى ئەجدادلىرىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى غېرىب-
لىقى ۋە ھېسسىيات سەرسانلىقىدىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى . ئۇلار
تۇنجى قېتىم ئۆزىدىكى مەدەنىيەت غېرىبلىقىنى ئازابلىق كەيپ-
ياتتا ھېس قىلدى . مەنىۋى تېڭىرقاش ۋە روھىي « مۇساپىرچى-
لىق » ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ
قالدى . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەل ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان تارىخىدا
مەيدانغا چىققان تۇنجى مەدەنىيەت سەيياھى ۋە ئۇيغۇر روھىيە-
تىدىكى « مۇساپىر » بولۇپ قالدى . شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇ-
كى ، پەقەت سەپەر بىلەن بارلىققا كەلگەن ئىلمىي مۇساپىرلىق ۋە
روھىي جەھەتتىكى سەرگەردانلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن
باشلانغان ھەقىقىي ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە يول
ئېچىپ بەردى .

ئۆزۈمنىڭ مۇساپىرچىلىقىنى ئويلاپ باقتىم . ھېچكىمىم
يوق بىر دۇنياغا ھەممە كىشىلىرىم قالغان دۇنيادىن مېڭىۋاتە-
مەن . كىچىكىمدىن تولا ئاڭلاپ يادا بولۇپ كەتكەن قاراش بو-
يىچە ئېيتقاندا ، مەن بارىدىغان شەھەر « ئاتام كۆرمىگەن ، ئانام
كۆرمىگەن شەھەر » ئىدى . ئۇ شەھەرنى « ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆ-
رۈشى » مەن ئېيتقان « ساختا قەسىر » نىڭ ئۆزى . مەنىۋى
ساپانىڭ ئاجىزلىقى « ئاتا ـ ئانا » قۇرۇپ بەرگەن روھىي كاپا-
لەتنى ۋە ياشاشنىڭ تەلتۆكۈس مۇمكىنلىكىنى تەلەپ قىلاتتى .
ئەجەبا ، بىزگە ھەر ۋاقىت ئىرسىي ئىزچىللىق ئەكەلگەن مەنىۋى
كاپالەت ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن ماكانىنىڭ خاتىرجەملىك تۇي-
غۇسى لازىممۇ ؟ مەن « ئاتا كۆرمىگەن شەھەر » گە تەۋەككۇل
قىلىپ ماڭغىنىم بىلەن مېنىڭ باللىرىم « ئاتىسى كۆرگەن شە-





ھەرلەر » گە مەندىن قالغان قانداشلىق خاتىرجەملىكى بىلەن
بارالارمۇ ؟ ئەنگلىيىلىك يازغۇچى سامورسېت ماۋخام : « ئۆز
دۆلىتىڭنى چۈشىنەي دېسەڭ ، كەم دېگەندە ئۈچ ـ تۆت دۆلەتنى
ئايلىنىپ كۆرۈپ باق » دېگەنىكەن . ئۇنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى
ھېچقانداق ئالدىن كاپالەت ۋە مەنىۋى خاتىرجەملىك بولمىغان
ئەھۋال ئاستىدىكى « كۆرۈپ بېقىش » ۋە « سېلىشتۇرۇش ».
ئاخىرقى مەقسەت باشقىلارنىڭ ئەمەس ، مۇھىمى ، باشقىلار ئار-
قىلىق ئۆزىنى چۈشىنىش . تارىخ ئادەم ئىرادىسىنىڭ ئەۋلادمۇ
ئەۋلاد ئىزچىللىشىش جەريانى . ئويلاپ قالىمەن ، خۇددى مەن-
دەك يەنە بىر ئۇيغۇر بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى بىلىم
ئېلىش ئۈچۈن ياۋروپاغا بېرىپ باققان ياكى تەسەۋۋۇرىدىكى
ياشاش بوشلۇقىنى « باشقا كەلگەننى كۆرۈش » تەك تەۋەككۇل-
چىلىك بىلەن ئىزدەپ باققان بولسا ، ياۋروپامۇ بىزگە ھازىر « ئا-
تام كۆرمىگەن يەرلەر » بولماس بولغىيتتى . ياكى ئۇ ، ياۋروپادا
يەتكۈچە مۇساپىر بولۇپ قايتىپ كەلسە ، گەرچە مەكتەپ ئېچىپ
بىلىم تارقىتالمىسىمۇ ، باللىرىغا دۇنيادا « ياۋروپا » دەپ ئاتىلى-
دىغان بىر ئاجايىپ گۈزەل ۋە سېھرىي كۈچكە تولغان ئەلنىڭ
بارلىقىنى ھېكايە قىلىپ بېرىپ ، ئۇلاردىمۇ ياشاپ بېقىش ۋە تە-
ۋەككۇل قىلىش ئىشتىياقىنى قوزغىغان بولاتتى . ھەتتا ئۇ قايتىپ
كېلەلمەي ، ياۋروپادا كۆز يۇمسا ، ئۇنىڭ باللىرى ئۇ كەتكەن
يىراق ۋە يات ئەلنىڭ نىشانىغا ئىگە بولاتتى . بۇنداق بولغاندا ،
ئۇلار « ياۋروپا » دېگەن تولىمۇ مەۋھۇم بىر ئۇقۇمغا ئېرىشەتتى .
« ياۋروپا » دېگەن چۈشەنچىنىڭ ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا
قېتىلىشى ھېچبولمىسا بىرخىل مەۋجۇتلۇقنىڭ تەسەۋۋۇرىنى
قوزغايتتى .

تۇنجى ئەنگلىيىلىكلەر ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا قەدەم باس-
قاندا ، ئۇلار كوللېكتىپ غېرىب ـ مۇساپىرلار ئىدى . ئۇلار ئۆز
كۈچىگە تايىنىپ ، بۇ يېڭى قۇرۇقلۇقتا ئادەمنىڭ ئىمشەنگۈسى

كەلمەيدىغان سۈرئەتتە بۈگۈنكى زاماندىكى قۇدرەتلىك ئامېرىكىنى قۇرۇپ چىقتى. گەرچە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى شىمالدىكى كىچىككىنە ئارال مەدەنىيىتى — ئىنگلىز مەدەنىيىتىنىڭ كۆچمەنلەر بىلەن ئامېرىكىغا كېڭىيىشى ۋە يەرلىك ئىندىئانلار مەدەنىيىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ئايرىپ قارىيالمىساقمۇ، يېڭى رېئاللىق ئۇلاردا ئەجدادلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا باشقا مەدەنىيەتكە تەۋە تەۋەككۈلچىلەرنى ۋە مۇساپىرلارنى قىزىقتۇرىدىغان ھاياتىي كۈچكە باي قۇرۇقلۇق بولۇپ قالدى. كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشى، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ۋە سىڭىشىشى ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېسىل تەركىبلەرنىڭ يىغىلىشىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل يۈزلىنىش ئېلاستىك مەدەنىيەت ئېڭى — ئامېرىكا چۈشىنى ئاپىرىدە قىلدى. چۈنكى مەدەنىيەت ھەرگىز تۇرغۇن ھالەت بولماستىن، بەلكى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش، قوبۇل قىلىش، كېڭىيىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدۇر. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، مۇساپىرچىلىق مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل كۆچۈش شەكلى بولۇپ، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشى كوللېكتىپنىڭ ۋە شەخسنىڭ مۇساپىرچىلىققا باغلانغان. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، سەيياھلىق مەقسەتدارلىقى ئېنىق «مۇساپىرچىلىق» بولۇپ، تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۆزىدىن سەيياھ چىقمىغان ياكى سەيياھنىڭ چىقىشىنى رىغبەتلەندۈرمىگەن مەدەنىيەت، بېكىنمە مەدەنىيەت تىپىغا كىرىدۇ.

مۇساپىرچىلىقتىكى توختىماي ئايلىنىش، ماكانسىزلىق، سالاھىيەتسىزلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىك مۇساپىرنى ئۆزىنىڭ





مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئويلاندۇرۇشتىن تاشقىرى، مۇساپىرچىلىقنىڭ ئىنسانلار قۇتۇلالمايدىغان تەقدىر ۋە مەۋجۇتلۇق ھالىتى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ. مۇساپىرچىلىقتىكى سەرگۈزەشتىلەر ئۆزى كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ۋەزنىنى تېخىمۇ چۈشىنىش بىلەن يېڭى مەدەنىيەت تەرىپىدىن يوقىلىش ئارقىسىدا، مۇساپىردا نوقۇل ھالدىكى يۇرتىنى سېغىنىش ئىستىكىدىن ھالقىغان يېڭى چۈشەنچىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا «مەن كىم» دېگەن سوئال ياشاش ئارزۇسىنىڭ نېگىزىگە ئايلىنىدۇ. ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن، ئۆز مەدەنىيەت بىلەن يات مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاۋاتقان، تىركىشىۋاتقان مۇساپىر ئىنساننى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. بۇ بىزگە بۈگۈنكى زامان ئامېرىكا مەدەنىيەت تەنقىدچىلىك ساھەسىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك شەخسلەردىن بىرى بولغان ئېدۋارد سەئىدنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ: «سۈرگۈندى ۋە مۇساپىر نەرسىلەرنى نېمىلەرنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى ۋە نېمىلەرنىڭ مۇشۇ يەردە، ھازىر يۈز بېرىۋاتقانلىقى بىلەن كۆرگەچكە، بۇ يەردە بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان قوش كۆرۈش نۇقتىسى بار.»① ئەمدىلا باشلانغان مۇساپىرچىلىق ئۆتمۈشكە بولغان سېغىنىشىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەچكە، كاللامدىكى ئۆتمۈش، ھازىر ۋە خىرە كەلگۈسىنىڭ تەرتىپى تېخىمۇ ئېنىقكە پەرق ھاسىل قىلىشقا باشلىدى. ماڭا ئۇچراۋاتقان ھەربىر ئۆزگىرىشنى ئىككى ئۆلچەمدە كۆرۈۋاتاتتىم. بىر ئۆلچەمدە كۆرۈۋاتقىنىم ئۆزۈم ئارقىمدا قالدۇرغان نەرسىلەر — ئۆزۈم تەۋە مەدەنىيەتنىڭ قەلبىمدە قالدۇرغان ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلىرى، يەنە بىر ئۆلچەمدە كۆرۈۋاتقىنىم مەن ھازىر ئۇچرىتىۋاتقان نەرسىلەر. بۇلارنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدا، ياشاشتىن ئىبارەت پۈتكۈل

① ئېدۋارد سەئىد، «زىيالىيلىكنىڭ ئىپادىلىرى» (ئىنگلىزچە)، ۋىنتىج كىتابلىرى نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى، 60 - بەت.

ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل ۋە ئىزگۈ ئارزۇسى ياتاتتى. ھەربىر ئاۋاز، رەڭ، شەكىل ۋە ھەتتاكى ئىدىيە مېنى ئۆتمۈشۈمگە — مەن ئاپىرىدە بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا، جۇلالىق رەڭگىگە، نازۇك شەكلىگە قايتۇرۇپ كېتەتتى. مېنىڭ نەزەرىمدە ھازىر ھېچنەرسە يەككە — يېگانە ياكى توختاپ قالغان ھازىر سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ھەتتا، ئۆزۈممۇ خۇددى سانسىز «مەن» لەردىن تەركىب تاپقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

كەلگۈسۈم توغرىسىدا ئويلاپ قالدىم. ئاشۇ ناتونۇش ئەلدە كەلگۈسۈم زادى قانداق بولۇشى مۇمكىن، بۇنى قىياس قىلغىلى بولارمۇ؟ ئېنىقكى، مەن ھازىر ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالغانىدىم. «توختاپ قېلىش» ئېنىقسىزلىقتىن دالالەت بېرەتتى. ئۆزۈم تەۋە مەدەنىيەتتىن فىزىكىلىق ئۈچرىشىشتىن ئايرىلغان ھالدا يېڭى مەدەنىيەتكە ئۈچرىشىشقا كېتىۋاتىمەن. ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۈچلۈك ئېنىقسىزلىق سېزىمى قىستۇرۇلغانىدى. ئوتتۇرىلىق ئۇقۇمى پەلسەپە ۋە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىكى مۇھىم ئاتالغۇ بولۇپ، مېنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىمگە بەكمۇ ماس كېلەتتى. مەن ھازىر ئوتتۇرىلىقتا توختاپ قالغان ئادەم ئىدىم؛ يەنى ئۆتمۈشۈمگە قايتالمايتتىم، كەلگۈسۈمنى ھەم ئېنىق مۆلچەرلىيەلمەيتتىم. ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدا ياتقان مۇشۇ ھالەت ئېنىقسىز ۋە سىرلىق ئىدى. مېنىڭ ھالىتىم خۇددى مەن كېيىن تونۇشقان ۋە دەرس ئالغان ئوقۇتقۇچۇم — پروفېسسور ۋىليام دېزموندنىڭ مۇنۇ سۆزىگە تولىمۇ ئوخشايتتى: «سىرلىق ئېنىقسىزلىق ئوتتۇرىلىقنىڭ روي بېرىشىگە يول تارتقان.»① ئىككى چېگرا ئوتتۇرىسىدا سوزۇلغان ئېنىقسىز ھالەت

① ۋىليام دېزموند، «پەلسەپە ۋە ئۇنىڭ باشقا مەسىلىلىرى» (ئىنگلىزچە)، سۇنى نەشرىياتى، 1991-يىل نەشرى، 75-بەت.





خۇددى مۇراسىملارغا ئوخشايتتى. مۇراسىم ئوتتۇرا نۇقتىدىكى ھالەت بولۇپ، قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي ھالىتىدىن ۋە سالاھىيىتىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ، مۇراسىمدىن ئىبارەت ئېنىق بولمىغان، كەلگۈسىگە پۈتۈنلەي تەۋە بولمىغان ھالەتتە تۇرىدۇ. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندا، ئۇلار ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىدۇ ياكى يېڭى ئىجتىمائىي سالاھىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

مەن كەلگۈسىنى توختىماي ئويلاشقا، قىياس قىلىشقا ۋە ئەڭ ئاخىرىدا كۈتۈشكە مەجبۇر. ئوتتۇرىلىق ھالىتىدە بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلارنى قىلالمايتتىم. لېكىن، نېمىلا دېگەنبىلەن، ئوتتۇرىلىق ئادەمنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويغاننىڭ ئۈستىگە، ئۆزىدىكى سىرلىق تىمتاسلىق بىلەن ئادەمنى تاقەتسىز قىلىۋېتەتتى. ئەلۋەتتە، كەلگۈسى ھەققىدە ھېچقانداق شەپىسىز ياشاش ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدۇ. گەرچە كەلگۈسىنى بەزىدە قىياس قىلالمىساقمۇ، لېكىن ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، كەلگۈسى ھەققىدە ئاز — تولا ئېنىقلىققا موھتاج. ماڭا غەلىتە بىلىنىۋاتقىنى شۇ بولۇۋاتاتتىكى، بىز كۆپ ھاللاردا باشقىلارغا مەلۇم ئىش توغرىسىدا (ئەمەلىيەتتە كەلگۈسى ھەققىدە) ۋەدە بېرىمىز. بىز ھېچبولمىغاندا ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ ۋەدە قىلىنغان كەلگۈسىگىچە ساق — سالامەت ياشىيالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچ باغلىغان. ۋەدە بېرىش ۋاقتىنىڭ ئېنىقسىزلىقى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ ئارقىلىق يېڭىش ئۇسۇلى ياكى ھاياتتىكى ئېنىقسىزلىققا ئامالنىڭ بارىچە ئېنىقلىق تۈسى بېرىشكە ئۇرۇنۇش ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش. لېكىن، مەندىكى بۇ ئىشەنچ قېنى؟ مەن نېمە ئۈچۈن ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئۆزۈمگە ۋەدە بېرەلمەيمەن؟ لېكىن، ھايات ھەرگىزمۇ بىرىنىڭ يەنە بىرىگە بەرگەن ۋەدىسى ئەمەس ياكى ئۇ ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان يەككە —

يېگانە هالەتمۇ ئەمەس ، بەلكى بىز ياشاۋاتقان ۋە ياشىماقچى بول-
غان رېئاللىق . شۇندىمۇ ، كەلگۈسكە يوشۇرۇنغان سىرلىق ئې-
نىقسىزلىق ئادەمنى تۈگىمەس خىياللارغا ، غەم - ئەندىشىگە ۋە
ئىزتىراپقا دۇچار قىلاتتى ، چۈنكى بۇلار بىزنىڭ رېئاللىقىمىزنىڭ
ئومۇمىي مەنىسى ئىدى .

ئايروپىلان ئاخىر برىيۇسسېل هاۋا بوشلۇقىغا كىردى .
ئايروپىلان دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قارىدىم . سانسىز چىراغ
چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان بۇ شەھەر كۆزۈمگە بۆلەكچە ئىسسىق
كۆرۈندى . « كىچە بولماس شەھەر » دېگەن نامغا يارىشا ، بۇ
شەھەر هاۋا بوشلۇقىدىن قارىغاندا ، هەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلى-
رىغىچە يورۇتۇلغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . بۇ چىراغلار خۇددى
كەلگۈسى هەققىدىكى پۈتكۈل قاراڭغۇلۇقنى ئامالىنىڭ بارىچە
هەيدەۋاتقاندەك ئىدى . چۈنكى ، يورۇقلۇق چۈشەنچىسى قەدىم-
دىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ ئۈمىدى ۋە هاياتىغا ئۆز سايىسىنى
قوغلىغۇچى ياخشىلىقنىڭ ۋە غەلىبىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەل-
دى . شۇڭلاشقا ، ئىنسانلاردا قاراڭغۇلۇققا قارىتا تۇغما ۋەھىم ۋە
يىرگىنىش مەۋجۇت .

— برىيۇسسېلغا كەلدۇق ، چۈشۈشكە تەييارلىنىڭلار !

ئايروپىلان خادىمىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى هەممىمىزنى ئالدىرى-
تىپ قويدى . تۇيۇقسىز مەندىكى جىددىيلىشىش پەسىيىپ ،
كۆڭلۈمنى غەلىتە خاتىرجەملىك ئىگىلەشكە باشلىدى ، نامەلۇم
رېئاللىققا قەدەم بېسىش ئالدىدىكى خاتىرجەملىك مېنى قايمۇق-
تۇرۇپ قويدى ، ئاشۇ قىسقا دەقىقە ئىچىدە بېشىمغا قانداق قىس-
مەتلەرنىڭ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ، بۇلارنىڭ هەممىسىنىڭ
بىردەمدىن كېيىنلا ئۆتمۈشكە ئايلىنىدىغانلىقىنى هېس قىلدىم .
دېمەك ، مەن هەممىنى كۈتۈۋېلىشقا هازىرلىنىۋاتاتتىم .

ئەتىگەن سائەت تۆت بولغاچقىمۇ ، برىيۇسسېل ئايرودرو-
مىدا بىزدىن بۆلەك يولۇچىلار يوق ئىدى . ئەتراپ جىمجىت .





بېلگىيە ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ چېگرا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن
كېيىن ، ئىككى چېگرا ئوتتۇرىسىدىكى ئېنىقسىز هالەتنىڭ ئا-
خىرلاشقانلىقىنى ، يېڭى هەم ناتونۇش ئەلگە رەسمىي قەدەم باس-
قانلىقىمنى جەزم قىلدىم . يۈك - تاقلىرىمنى ئالغاندىن كېيىن ،
قاياققا مېڭىشنى بىلمەي تۇرۇپ كەتتىم . مېنى كۈتۈۋېلىشقا چى-
قىدىغان خادىم كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ ئايرودرومغا كەلگەن -
كەلمىگەنلىكىنى بىلمەيتتىم . ئەمدى هەممە ئىشنى ئۆزۈم بىر تە-
رەپ قىلىشىم كېرەك ئىدى . مەن بارىدىغان شەهەرنىڭ ئىسمى
لېۋېن بولۇپ ، برىيۇسسېل ئايرودرومىدىن قىرىق مىنۇتچە يول
ئىدى . مۇساپە قىسقا بولغىنى بىلەن ، لېۋېنغا بالدۇرراق بېرىۋې-
لىپ جايلىشىۋېلىش بىر گەپ ئىدى . لېكىن ، نېمە بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر ، ئازراق ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن مېڭىش ئويىغا كەل-
دىم . چۈنكى ، ئايروپىلاندىكى تۈگىمەس خىياللار مېنى يەت-
كۈچە هاردۇرۇۋەتكەنىدى .

ئۇزۇن ئورۇندۇققا يۈك - تاقلىرىمنى قويۇپ ، كۆزۈمنى
يۇمغىنىمچە يەنە خىيالغا كەتتىم . ئەتراپىمدىكى پۈتكۈل يېڭى-
لىقلار ۋە ناتونۇشلۇقلار كاللامغا بىراقلا سىغدالدى . هەربىر
ئۆزگىچىلىك ۋە دىققىتىمنى تارتىۋاتقان هادىسە مېنى ئانا يۇر-
تۇمدىكى باراۋەر هادىسە ۋە هالەتكە سېلىشتۇرما قىلىشقا مەج-
بۇرلايتتى .

— ئەپەندى ، ياردەم قىلىسىڭىز .

بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچسام ، ئالدىمدا يېشى
يەتمىشلەردە ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر چال تۇراتتى .
ئۇنىڭ تۇرقىدىن دىۋانىلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۆمتۈلگەن
كۆزلىرى مەندەك بىر هېرىپ هالىدىن كەتكەن ۋە خىيالغا غەرق
يولۇچىدىن ياردەم سوراۋاتاتتى . دەماللىققا نېمە قىلارىمنى بىلەل-
مەي جىددىيلىشىپ كەتتىم . بۇ ماڭا پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق بى-
لىندى . مەن پۇللىرىمنى تېخى بېلگىيە فرانكىغا ئالماشتۇرمى-

غاچقا ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايتتىم . شۇڭا ، ئەھۋالىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ كەچۈرۈم سورىدىم . ئۇ كەتتى .

دىۋانىلەر ئادەمگە ھاياتنىڭ بىسمىنى ھېس قىلدۇرىدۇ . بەزىلەر گەرچە دىۋانىلەر ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىغا نىسبەتەن قانائەتلىنىش تۇيغۇسىغا ئېرىشكىنى بىلەن دىۋانىلەر ئادەمگە ھاياتنىڭ يەنە بىر قاراڭغۇ يۈزىنىڭ بىز بىلەن ھەرۋاقىت ئارىلىشىپ ياشاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ . بېلگىيىدە تۇنجى پاراڭلاشقان ئادىمىمنىڭ دىۋانى بولۇپ چىقىشى مېنى راستتىنلا گاڭگىرىتىپ قويدى . ئۇ مەندىن پۇل ياكى ئىنسانىي ياردەم تىلەپ ئالدىمغا كەلگەنىدى ، ئەمىسە مەن بۇ يەرگە نېمە « تىلەپ » شۇنچە يىراقتىن كەلدىم ؟

پۇللىرىمنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئايرودروم بانكىسىدىن بېلگىيە فرانكىغا ئالماشتۇردۇم . ھېلىقى دىۋانىگە ئازراق ياردەم قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنى ئىزلىدىم ، لېكىن ئۇ كۆرۈنمەيتتى . ئايرودروم خىزمەتچىسىدىن لېۋېنگە بارىدىغان پويىز يولىنى ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىنى تەپسىلىي سورىۋالغاندىن كېيىن ، يۈك - تاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ ، ئاستىنقى قەۋەتتىكى پويىز كۈتۈش زالىغا ماڭدىم .

پويىز كەلدى . تېخى ئەتىگەن بولغاچقا ، پويىزدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى . يولدا ماڭغاچ ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قويۇق ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى بىنالارنى تاماشا قىلدىم . 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ، بېلگىيە گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا ئانچە قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تەسلىم بولغاچقا ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدىن ساقلىنىپ قالغانىدى .

بىريۇسسېلدىن لېۋېنگە بارىدىغان پويىزغا ئالماشتىم . بۇ مۇساپە پەقەت يىگىرمە مىنۇتلۇق ئىدى . لېۋېن بېكىتىدە چۈشۈپ قېلىپ ، شەھەر تەرەپكە قاراپ ماڭدىم . كوچىدا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى . بۇ تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان چاغ بولۇپ ، بىـ





نالارنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى . سەھەرنىڭ سوغۇقىدا قەدىمىي ۋە ھەيۋەت بىنالار كىمدۇر بىرى ئېيتقان : « ئىمارەتلەر مۇزلىغان مۇزىكا » سۈپەت جىممىدە تۇراتتى . ھەممىنى ئۇنتۇپ ، بۇ سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشقا باشلىدىم . لېۋېن كىچىك شەھەر بولۇپ ، يوللىرى تار ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىنى ساقلىغانىدى . مەن خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپاغا قايتىپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كەپقالدىم . چۈنكى ، ئەگەر كوچا چىراغلىرى ۋە ماگىزىنلارنى كېچىسىمۇ يورۇتۇپ تۇرغان چىراغلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بۇ شەھەرگە تۇنجى كەلگەن ئادەم ۋاقىتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن ئۆزلۈكسىز ئۆتكەنلىكىدىن گۇمان قىلىپ قالاتتى .

ئىككى - ئۈچ قەۋەتلا قىلىپ سېلىنغان نەقىشلىك بىنالار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۇزاق ئۆتمۈشنى سۆزلەۋاتقان مويسىپىتلاردەك ئىككى سەپ بولۇپ تۇراتتى . قەدىمىيلىك زامانىۋىلىقنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ، ئالا - يېشىل چىراغلار يورۇتۇۋەتكەن رەڭلەر ۋە مودېرنىزملىق شەكىللەر ئىچىدە يەنىلا ئۆز سالتەنىتىنى ، سېھرىي كۈچىنى ۋە قەدىمىي سۈكۈتىنى ساقلاپ تۇراتتى . ئۆمرۈمدە قىلچە سەنئەت زوقى بېرەلمەيدىغان سەرەڭگە قېپىغا ئوخشايدىغان بىنالارنى تولا كۆرۈپ كەتكەچكىمۇ ، بۇ ئىمارەتلەر ماڭا « ياۋروپا » نىڭ تۇنجى تۇيغۇسىنى بېرىۋاتاتتى . كۆز ئالدىمدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت مېنى تەكلىماكاندىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىغا ئېلىپ كەتتى . قۇم باسقان شەھەرلەر ، مەدەنىيەت خارابىلىرىدىكى مۇكەممەللىك ۋە سەلتەنەت ، تەكلىماكاننىڭ ئەتراپىدىكى قۇم ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان قەدىمىي ۋە كونا ئۆيلەر ... دېمەك ، ئادەمدە قەدىمىيلىككە بولغان بالىلارچە ئىنتىلىش بار ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆز رېئاللىقىنى تارىخىي جەريان سۈپىتىدە كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن .

دوقمۇشقا كېلىپ توختىدىم . قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەيتـ

تىم. يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرمۇ بولمىغاچقا، بىرەرسىدىن يول سوراشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، قاغىلارنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازى سەھەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. ئەندىكىپ كەتتىم. كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمدىن قالغان ئۇدۇم نۇقتىيىسىدىن ئېيتقاندا، قاغىنىڭ غاقىلدىشى شۇملۇقنىڭ بېشارىتى ئىدى. دوقمۇشتا گاڭگىراپ قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەيۋاتقان مەن ئۈچۈن بۇ ئاۋاز كۆڭۈلسىز كەلگۈسىنىڭ بېشارىتىدەك بىلىنىپ كەتتى. قاچانلاردىدۇر بىر ۋاقىتتا كۆرگەن ئىرلاندىيە فىلىمىدىكى مۇنداق كۆرۈنۈشنى ئەسلەپ قالدىم: چەكسىز كەتكەن ۋە ئاسمىنى قاغىلار قاپلىغان تاقىر دالادا بىر كىچىك بالا جان ـ جەھلى بىلەن قېچىۋاتاتتى. «مەنمۇ قېچىۋاتامدىمەن نېمە؟!» ئەتراپىمغا ئالاق ـ جالاق بولۇپ قارىدىم. ھېچكىم يوق، ئەتراپ خۇددى زامانىنىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلىرىدەك تىمتاس. تەكلىماكانىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇملىرى مەندە زاھىر بولۇۋاتاتتى. مەن قاغىلارنىڭ ئاۋازىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايتتىم. چۈنكى، بۇ جىمجىت سەھەرنى ئەرۋاھلار يوقلىغانىدى.

تۇيۇقسىز يىراقتىن بىر تاكسى كۆرۈندى. قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدىم. تاكسى شوپۇرىنىڭ ئىشارىتىمنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى جەزم قىلالمىدىم. بىر ھازادىن كېيىن، تاكسى يېنىمغا كېلىپ توختىدى.

— مەن يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچى. مەن ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا ئالدىن تىزىملىتىپ قويغان، مېنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويالامسىز؟ — دېدىم تاكسى شوپۇرىغا.

— كەچۈرۈڭ، بۈگۈن يەكشەنبە، ھەممە يەر ئېچىلمايدۇ. ئەرزان مېھمانخانىلار بولسا قانداق؟

— بولىدۇ، — دېدىم ئالدىراپ. چۈنكى، مەن بىر ئۆيگە — تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان «ئۆيگە» بەكمۇ





موھتاج ئىدىم. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن تېنىم بىلەن روھىم ئارام ئېلىشنىلا ئىزدەيتتى. شۇنچە كەڭ يەر شارىدىن كىچىككىنە تېنىمنى قوغدىغۇدەك جاينىڭ بولۇشى ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەن ئۈچۈن ياشاشنىڭ ئەڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ قالغانىدى.

ياتاققا ئورۇنلىشىپ، ئۇيقۇغا باش قويغىنىمدا، بۇ يېڭى زېمىن كاللامدا تۇتۇقلىششقا، ئۇنىڭ تەسىراتلىرى ۋە قىزغىنلىقلىرى ئاجىزلىششقا باشلىدى. مەن چۈش قوينىغا كىرىپ كەتتىم ...

## سەن كىم ؟

*ئۇلار سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيدۇ .*

*— جامېس بالدۋىن*

*ئەگەر سەن ئازابلارنى ھېكايە قىلىپ ئېيتماقچى بولساڭ ، ئەنە شۇ يەردىن يېڭى ئازابلار تۇغۇلىدۇ .*

*— ئىساك دىنېسېن*

ئەتىسى ئەتىگەن ئالدىنئالا كېلىشىپ قويغان ياتاقتا ۋاقىتىنچە ئورۇنلىشىۋالدىم . بۇ ياتاق پەقەت يېڭى كەلگەن چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇقىم ياتاق تاپقۇچە يېتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ھازىرلانغان بولغاچقا ، ئۆزۈمگە تەۋە ياتاقنى تېپىشىم كېرەك ئىدى . شۇڭا ، ياتاق باشقۇرۇشقا مەسئۇل خادىمنى ئىزدەپ تاپتىم .

— بىز سېنىڭ فاكسىڭدىكى ۋاقىتتا ئاساسەن ئايرودرومغا ئادەم ئەۋەتكەنىدۇق ، لېكىن ئۇ سېنى تاپالماپتۇ ، — دېدى ئۇ سەل نارازى بولغان ئاھاڭدا ، — بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسەن ؟

مەن ئۇنىڭغا كېچىكىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى تەپسىلىي ئېيتتىم .

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ :

— سەن ئاۋۋال ئىنستىتۇتقا بېرىپ كەلگەنلىكىڭنى خەۋەر قىلىۋەت . ياتاقنى ئەتە ئىزدىسەڭمۇ بولىدۇ . لېكىن ، ساڭا ئەسكەرتىپ قوياي ، بېلگىيىنىڭ مائارىپ قانۇنىدا ھەربىر ئوقۇغۇچى ئايرىم ياتاقتا يېتىشى كېرەك . بىزدە كوللېكتىپ ياتاق دېيىلىدىغان نەرسە يوق ، سەن بەكلا كېچىكىپ كەپسەن ، مەن بۇ





شەھەردىن ساڭا ياتاق چىقىشىغا ھازىرچە بىر نېمە دېيەلمەيمەن . بوش ياتاقلارنى سەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىنتېرنېت تورىدىن ئىزدەپ تاپالايسەن . مانا بۇ تور ئادرېسى ، بۇنىڭدىن ئۆزۈڭگە كېرەكلىك ھەرقانداق ئۇچۇرنى ئىزدەپ تاپالايسەن ، — دېدى .

— رەھمەت ، — دېدىم مەن قايتىشقا تەمشىلىپ .

— ئەگەر ياتاقنى پەقەت تاپالمىساڭ ، مېنى ئىزدە ، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا .

ئاۋۋال پەلسەپە ئىنستىتۇتىغا بېرىش قارارىغا كەلدىم . سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ، لېۋېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە ئىنستىتۇتىنى تاپتىم ، لېكىن ئىنستىتۇت دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ھازاغىچە تۇرۇپ كەتتىم . كونا بىنالار بىلەن قورشالغان ۋە ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە گۈللۈكى بار بۇ ئىنستىتۇت خۇددى پەيلاسوپلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېغىرلىق ۋە قەدىمىي ۋەزمىن بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان بىنالار مېنى كىرىشتىن دەماللىققا توسۇپ قويدى . بەلكىم بۇ مېنىڭ پەلسەپىگە زىيادە سىرلىق نەزەردە قارىۋالغانلىقىمدىن پەيدا بولغان تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن ئىدى . ئەجەبا ، پەلسەپە بىلەن بۇ بىنالار ئوتتۇرىسىدا ئادەم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان باغلىنىش مەۋجۇتمىدۇ ؟

ئاخىر ھويلىغا كىردىم . ھويلا جىمجىت ئىدى . ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاياققا مېڭىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم . يات ئەل كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاخىرى كۆرۈنمەس تېڭىرقاشلارغا كۆنۈپ قېلىشقا باشلىغانىدىم . ۋەھالەنكى ، ھەربىر تېڭىرقاش مەندىن ھۆكۈم قىلىش ياكى رەت قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇدۇلدىكى چوڭ ئىشىكنى كۆزلەپ ماڭدىم . قىياسىمدا ، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئادىتىدە مەركىزىي ئىشىك چوقۇم ئۆينىڭ مەركىزىي قىسمىغا تۇتىشاتتى . ئىشىكنى ئېچىشىمغىلا ، پروفېسسور سۈپەت بىر ئادەم ئۇچراپ قالدى .

— مەن ئىنستىتۇت كاتىپى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم.

ئۇ ئادەم ئەدەپ بىلەن:

— ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىڭ، ئىشىككە يېزىقلىق، ئاسانلا تاپالايسىز، — دېدى.

دېگەندەك، كاتىپ ئىشخانىسىنى تاپتىمۇ، كاتىپنى تاپالمىدىم. ئۇ ئىشخانىسىدا يوق ئىدى. ساقلاشقا مەجبۇر بولدۇم. كاتىپ ئىشخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە تىزىقلىق ماتېرىياللارنى كۆرگەچ ئۇنى ساقلاشقا باشلىدىم. شۇ ئەسنادا، كاتىپ ئىشخانىسىغا بىر قارا تەنلىك ئوقۇغۇچى كىرىپ كەلدى.

— كاتىپ بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

قارىغاندا ئۇ ئافرىقىلىق بولسا كېرەك، ئىنگلىزچە تەلەپپۇزى سەل غەيرى ئىدى.

— يوقكەن، مەنمۇ ساقلاۋاتىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچى ئوخشىمامسەن؟ — سورىدى ئۇ ماڭا قىزىقسىنىپ.

— ھەئە.

ئۇ مەن بېلگىيىگە كېلىپ تۇنجى قېتىم ئەركىن - ئازادە ۋە دوستانە پاراڭلاشقان ئادەم بولغاچقىمۇ، كۆڭلۈم سەل كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

— نەدىن كەلدىڭ؟ — سورىدى ئۇ.

— جۇڭگودىن.

— ھەئە ... لېكىن سەن ...

ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندىم. ئۇ مېنىڭ چىرايىمنى باشقا جۇڭگولۇقلارغا ئوخشىتالمايۋاتاتتى.

— مېنىڭ ئىككى - ئۈچ جۇڭگولۇق دوستلىرىم بار، لېكىن سېنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭ ۋە چىرايىڭ ئۇلارغا پەقەت ئوخشىمايدىكەن، — ئۇ مەقسىتىنى ئۇدۇللا ئېيتتى.





— مەن ئۇيغۇر، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ دېگەن يېرىدىن كەلدىم.

ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان بۇ «يوچۇن» مىللەت نامىنى ئەسلەشكە تىرىشىپ بىر ھازا جىمىپ كەتتى. ئاخىر بۇنىڭدىن ۋاز كەچتى بولغاي:

— مېنىڭ ئىسمىم پېتېر، نىگىرىيىلىكمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئۆز سالاھىيىتىمنى تونۇشتۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم.

— ياتاق تاپتىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا، — بۇ يەردە ئەڭ مۇھىمى ئالدى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك ۋە مۇۋاپىق ئۆي تېپىش. مېنىڭ تەجرىبەمدىن ئېيتقاندا، سەن ھەممىنى قويۇپ تۇرۇپ، ياتاق تېپىشىڭ كېرەك. مەندەك بولۇپ قالما، ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

مەن ھەيران قالغان ھالدا:

— گېپىڭنى چۈشىنەلمىدىم، — دېدىم.

ئۇ بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى، قارىغاندا ئۇنىڭمۇ ھېكايىسى باردەك قىلاتتى:

مەن ياتاق تېپىشتا قاتتىق قىينالغان. ئۈچ - تۆت ئۆينى ئۇقۇشۇپ، ياتاقنى كۆرگىلى بارغىنىمدا، ئۆي ئىگىسى مېنى كۆرۈپلا: «نېگىرلارغا ياتاق ئىجارە بەرمەيمەن» دەپ ئىشىكنى قوپاللىق بىلەن يېپىپ كىرىپ كەتكەن ... دەرس ۋاقتى توشۇپ قاپتۇ، كۆرۈشكىچە خەير.

ئۇنىڭ ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىدىكى سەرگۈزەشتىسى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. پېتېرنى رەت قىلغان ئاق تەنلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاق تەنلىكلەر ئۈستۈنلۈكىدىن ئىبارەت نەچچە يۈز يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىچكى ۋە ئورتاق

پىسخىك ئامىل ھۆكۈمران ئىدى. مەدەنىيەت گەرچە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە ئىدىيىسىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي مېخانىزم بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئەخلاقىي مىزانىنى شەكىللەندۈرۈشتە يېتەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى مۇمكىنسىزلىككە ئايلاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. كوڭزى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئورتاق ئەخلاق ئىدىيىسىگە ۋە ئېتىكاشۇناسلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن مۇنداق مەشھۇر ئەقلىيىسىنى قالدۇرغان: باشقىلارغا خۇددى ئۆزۈڭ باشقىلاردىن كۈتكەندەك مۇئامىلە قىل. بۇ خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ ماقالىدا ئېيتىلغاندەك: « پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا خەققە » ئېتىكىسىدۇر. مەدەنىيەتلەشكەن ئەقىل ۋە قېرىنداشلىق مېھىر دېگەندەك گۈزەل غايىلەر ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى نوقۇل تېرە رەڭگىدىن ھالقىپ كەتكەن چوڭقۇر ھاڭنى يوقىتالمىدى. لېكىن، قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىدە ئۇچرىتقان ئىرقىي كەمسىتىشلىرى ۋە خورلىنىش تەجرىبىلىرى ئۇلاردا ئاق تەنلىكلەرنىڭ ياشاش ئۆلچىمىگە قارىتا ھۆرمەت قوزغىيالمايدۇ. گەرچە ئۇلار ئاق تەنلىكلەرنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ھاكىم جەمئىيەتتە ياشاشقا مەجبۇر بولسىمۇ.

ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك مەشھۇر يازغۇچى جامېس بالدۋىن دەل قارا تەنلىكلەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى قورقۇش، ئۆچمەنلىك ۋە ئۈمىدنى سەزگۈچى. توققۇز يېشىدا ئاق تەنلىك ساقچىلار تەرىپىدىن خورلانغان بالدۋىن ئۆزىنىڭ قىممىتىنىڭ بۇ جەمئىيەتتە دېموكراتىك ئەنئەنە ۋە ئەمەلىيىتىگە ئىگە دەپ قارىلىدىغان دۆلەتتە — زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۈمىدسىزلىك ۋە نامراتلىق قاپلىغان رايوندا چوڭ بولغان بالدۋىن « دەۋر، ئىنساندىكى ئازاب ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تىرىشچانلىقىغا قارىتا غەلىتە كۆرۈش نۇقتىسىغا ئىگە بولىدۇ »





دەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ غەربتە تەسىر قوزغىغان كىتابى « كېيىنكىسى ئوت » نىڭ كىرىش سۆزىدە جىيەنىگە يازغان خېتىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ: « ئاق تەنلىكلەر نەچچە مىڭلىغان قارا تەنلىكلەرنىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇنى بىلمەيدۇ ھەم ئۇنى بىلىشنى خالىمايدۇ... جامېس، ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇلارنىڭ نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى قىلغانلىقى سېنىڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىڭنى ئىسپاتلىمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىقتىن ياتلاشقانلىقىنى ۋە قورقۇنچىنى ئىسپاتلايدۇ... جامېس، ئەتىگەندە ئورنىڭدىن تۇرغاندا قۇياشنىڭ نۇر چېچىپ ۋە پۈتۈن يۇلتۇزلارنىڭ يېنىپ تۇرغانلىقىنى بايقىغىنىڭدا، قانداق ئۇيدا بولىدىغانلىقىڭنى قىياس قىلىپ باق. سەن چوقۇم ۋەھىمىگە چۈمىسەن، چۈنكى بۇلار نورماللىقتىن ھالقىپ كەتكەن ھادىسىلەردۇر. كائىناتتىكى ئۆزگىرىش قورقۇنچلۇق، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز رېئاللىقى ھەققىدىكى تۇيغۇسىغا زەربە بېرىدۇ... سەن ۋە مەن بۇ دۆلەتنىڭ يۈز يىللىق ئەركىنلىك تارىخىنى تەبرىكلەشكە ئاز قالغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇلار ئەركىن بولمىغۇچە بىز ئەركىن بولالمايمىز. » ①

جامېس بالدۋىن كېيىن خرىستىئان دىنى ئارقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ تەقدىرى ۋە رېئاللىقىنىڭ سىرى ھەققىدە ئىزدىنىش مەقسىتىدە، چېركاۋدا ئىشلەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ دىنىي ھاياتى ئۇنى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلىككە دۇچار قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن چېركاۋ « خام خىيالغا ۋە ساختا سېزىمگە » ② تولغانىدى. ئۇ ئاخىر شۇنى بايقايدۇكى، « خۇدامۇ ئاق تەنلىك ئىدى ». ③ ئۇ مۇنداق ئازابلىق سوئالنى چېركاۋنىڭ مەسئۇلىدىن سورايدۇ: « سىلەر ئېيتىۋاتقان ۋە خرىستىئان دىنىدا ۋەدە

① جامېس بالدۋىن: « كېيىنكىسى ئوت » (ئىنگلىزچە)، « مايكېل جوسېپ نەشرىياتى، 1968 ـ يىل نەشرى، 17 ـ، 19 ـ، 20 ـ ۋە 21 ـ بەتلەر.

②③ يۇقىرىقى ئەسەردىن ئېلىندى.

قىلىنغان جەننەتنىڭ قارا تەنلىكلەر ياشاۋاتقان نامراتلار مەھەللىسىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى قانداق ئىسپاتلىيالايسىز ؟ » . جاۋاب ئەلۋەتتە جامىس بالدۋىننى قانائەتلەندۈرەلمەيتتى . ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى قىستۇرما كۈي — ئۆز نۆۋىتىدە مەغلۇپ بولغان روھىي قۇتقۇزۇلۇش تەرىقىسىدىكى دىنىي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ . ئۇنىڭچە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق شەكىلدىكى مېھىر - مۇھەببەت بىر ئىرقنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى ...

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن كاتىپ كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بەردىم . مېنىڭ ئىسمىم ئۇنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك ، ئۇ مېنىڭ كېچىكىپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى سورىدى ۋە ئاخىرىدا :

— سەن بۇ مەۋسۇملۇق ئوقۇشقا ئۈچ ئايغا يېقىن كېچىكتىڭ . دېمەكچىمەنكى ، ئەسلى قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ئوقۇغۇچىلار دەرسكە بىر يېرىم ئاي كېچىكىپ قاتناشسا بولىدۇ . لېكىن سېنىڭ ئەھۋالىڭ ئالاھىدە بولدى . مەن بۇنىڭغا كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن . سەن ئەڭ ياخشىسى بىزنىڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى — پروفېسسور ۋىلىيام دېزموند بىلەن كۆرۈشۈپ باق . ئەگەر ئۇ دەرسلەرگە قاتنىشىۋەر دېسە ، دەرسلەرگە قاتنىشىۋەرسەڭ بولىدۇ . بۇنىڭدا مەسىلە يوق .

كاتىپنىڭ قارارى مېنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى . چۈنكى بۇ ئۇنىۋېرسىتېت دۇنيادىكى باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئوخشاش ئەتىياز پەسلىدىمۇ يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلمايتتى . ئەگەر مەن كۆرۈشمەكچى بولغان پروفېسسور كېلەر يىلى كۈزدە ئوقۇشنى باشلا ، دېسە بۇ شەھەردە بىر يىلغا يېقىن لاغايلاپ يۈرمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى .

پروفېسسورنىڭ ئىشخانىسىنى تېپىپ ئىشىكنى چەككىـ





نىمدە ، ئىچىدىن « كىرىڭ » دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . ئىشىكنى ئېچىپ كىردىم ، كۆردۈمكى ، ئالدىمدا ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان « پروفېسسور سۈپەت » ئادەم تۇراتتى . ئۇ « نېمە ئىش » دېگەن مەنىدە ماڭا قاراپ تۇراتتى . مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم .

— كاتىپ بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ ؟ — سورىدى ئۇ .

مەن كاتىپنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇنىڭغا قىسقىچە دېدىم .

— كاتىپ دېگەندەك بۇ يىللىق ئوقۇش ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ كەتتى . مەن سېنىڭ دەرسلەرگە يېتىشەلەش - يېتىشەلمەسلىكىڭگە ھۆكۈم قىلالمايمەن . سېنىڭ ئۆزۈڭدىن سوراپ باقاي ، دەرسلەرگە يېتىشەلەمسەن ياكى ... — پروفېسسور سۆزىنى توختىتىپ قويدى . دېمەك ، ئۇمۇ دېلىغۇل بولۇۋاتاتتى . مەنمۇ ئۆتۈلگەن ۋە ئۆتۈلمەكچى بولغان دەرسلەرنىڭ سالمىقىنى دەڭسىيەلمىگەچكە ، دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ كەتتىم . نېمىلا دېگەنبىلەن ، بۇ يەرگە كەلگەنىكەنمەن ، چوقۇم ئوقۇشۇم كېرەك ئىدى . شۇڭا قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن :

— دەرسلەرگە يېتىشەلەيمەن ، — دېدىم .

ئارىمىزدا لەيلەپ تۇرغان جىددىي كەيپىيات سەل بوشىدى . ئۆزۈممۇ ئازادىلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم . ئوخشىمايدىغان مۇھىت ، ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ، ئوخشىمايدىغان ئادەملەر دۇنياسى نېمىلا دېگەنبىلەن بىر چۈشتەك مېنى لەيلەتمەكتە ، خىيالىم چىگىش ، مۇرەككەپ ئىدى . مېنىڭ پروفېسسور بىلەن ئازراق پاراڭلاشقۇم بار ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، مېنىڭ مەقسىتىم ئاز - تولا ئۇچۇر ئىگىلەش ئىدى .

— قايسى دۆلەتتىن كەلدىڭ ؟ — سورىدى پروفېسسور قىزىقسىنىپ .

— جۇڭگودىن .

— مەن جۇڭگوغا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكسىيە سۆزلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈچ قېتىم باردىم ھەم جۇڭگونىڭ كۆپ قىسمىنى ئايلىنىپ چىقتىم. سەن جۇڭگونىڭ قايسى قىسمىدىن كەلدىڭ؟

— جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى شىنجاڭدىن، مىللىتىم ئۇيغۇر.

— ئۇيغۇر؟! — پروفېسسور ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ كەتتى. مەن نەچچە مىڭ يىل ئاۋۋالقى ئەجدادلىرىمىزنى ئەسلىدىم. ئۇلار ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا زېمىنىنى تىترەتكەن چاغلاردا ئەۋلادلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك ئۇنتۇلۇش گىردابىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئويلىغان بولغىيمىدى؟ پروفېسسور دۇنيادا سەككىز مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى بار خەلقنى — تارىختا ئەڭ دەسلەپ مەدەنىيەتلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ مىللەت نامىنى بىلمەيۋاتاتتى. قارىغاندا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن يىراق قۇرۇقلۇقتىكى بىرەر ئۆسۈملۈكنىڭ نامىنى ئەستە ساقلاش زۆرۈر بولمىغاندەك، يىراق تەكلىماكان مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى ئەستە ساقلاش زۆرۈر بولمىسا كېرەك. كىشىلەر مەدەنىيەتنىڭ قەدىمىيلىكىگە قىزىقىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ داۋامى سۈپىتىدىكى ھازىرقى ئەھۋالىغىمۇ قىزىقىدۇ. ئەگەر مەلۇم مەدەنىيەت پەقەت قەدىمىي تەرەققىياتى بىلەن كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئورۇن ئالسا، ئۇنىڭ ھازىرى ئادەملەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ياكى ئۇ ئەھمىيەتسىز تېمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى بىر ئىزىدىلا توختاپ قېلىش ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، ھازىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەش — كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئورۇن ئېلىش، مەلۇم ئاتالغۇنىڭ ئۇنتۇلۇشى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پۈتكۈل ئامىللارنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.





— ماڭا مىللىتىڭ ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلەمسەن؟ چۈنكى بىز ئىرلاندىيىلىكلەر دۇنيا خەلقلىرىگە بەكمۇ قىزىقىمىز، — دېدى پروفېسسور قايتىدىن قىزىقسىنىپ.

مەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم.

ئۇ تۇيۇقسىز:

— سىلەردىن پەيلاسوپ چىققانمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

شۇ ھامان يۈسۈپ خاس ھاجىپ يادىمغا كەلدى. بىراق، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى بۇ پروفېسسورنىڭ بىلىشى ئېھتىمالدىن تولىمۇ يىراق ئىدى. چۈنكى «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىڭ نامىنى بىلمىگەن بىر پەلسەپە پروفېسسورى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپلىرىنى بىلەتتى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئىبارەت ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىكى گىگانت پەيلاسوپنى بىلگەن ئادەم ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ مىللىتىنى بىلمەي قالمايتتى. تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مىللەت ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكىدىن مەشھۇر ياكى باشقىلارغا تونۇشلۇق بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنى باشقىلارغا تونۇتىدىغىنى ئۇنىڭدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر شەخسلەردۇر. يېگانە ئارالدەك كۆرۈنىدىغان ئەنگلىيە مەدەنىيىتى بىر كېچىدىلا كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ قالغىنى يوق، بەلكى ئۇ نۇرغۇن مەشھۇر زاتلارنىڭ كۆپ خىل ساھەدىكى تىرىشچانلىقىنىڭ ئۆزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشىنىڭ مەھسۇلى.

— بىزنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىمىزنى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنى قەدىمكى گرېكلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر قەدىمدىن تارتىپ ھاياتلىق ھەققىدە ئويلىنىشنى مەنىۋى ھاياتنىڭ مۇھىم قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ كەلگەن ۋە بۇ ئىزدىنىش ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللە-

نىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان . فارابىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەلسەپە تەتقىقاتىدا يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كەلگەن . كېيىنكى تەرەققىياتلاردىن مەلۇمكى ، فارابى ئۇيغۇر پەيلاسوپلىرىغا پەلسەپە سىستېمىسى تۇرغۇزۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇتقان .

— دەرۋەقە ، ئەل فارابى بۈيۈك شەرق پەيلاسوپلىرىنىڭ بىرى . ۋەھالەنكى غەرب ئىلىم ساھەسى ئەل فارابىنى پارسىي ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىگە تەۋە دەپ قارايدۇ ، — دېدى پروفېسسور .

دېمەك ، ھازىر مەن بىلەن پروفېسسور ئوتتۇرىسىدا تارىختىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان كونا دەتالاش — فارابىنىڭ مىللەت ۋە مەدەنىيەت تەۋەلىكى مەسىلىسى قايتا ئۆرۈلۈۋاتاتتى .

— بىز ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئەل فارابىنى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى داھىيسى دەپ قارايمىز ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئىزچىللىقى بولىدۇ . فارابىدىن كېيىنمۇ بىزدە نۇرغۇن پەيلاسوپلار يېتىشىپ چىققان . فارابىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققان يەنە بىر مەشھۇر پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ . فارابى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن يېقىن ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەل فارابىنىڭ مەلۇم تەسىرىنى قوبۇل قىلغان .

پروفېسسور بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— سەن ھازىر نامىنى ئېيتقان پەيلاسوپنى مەن بىلمەيدىكەنمەن . شۇ نەرسە ئېنىقكى ، ئەل فارابىدا ئارىستوتېلنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك . ئەپلاتوننىڭ تەسىرىمۇ بار ، لېكىن ئارىستوتېلنىڭكىگە يەتمەيدۇ . غەربلىكلەر بولۇپمۇ غەربتىكى پەيلاسوپلار ۋە پەلسەپە تارىخچىلىرى ئەل فارابىدىن باشقا يەنە ئىككى بۈيۈك ئىسلام پەيلاسوپىنى ئىنتايىن يۇقىرى ئورۇنغا قو-





يىدۇ . ئۇلار ئىبنى سىنا ( لاتىنچە ئاتىلىشى Avicenna ) ۋە ئىبنى رۇشىد ( لاتىنچە ئاتىلىشى Averroes ) . ئىبنى سىنا ئىسلام دۇنياسىدا ھەقىقىي پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر . ئىبنى رۇشدنى ئىبنى سىنانىڭ رادىكاللاشقان ئىپادىسى دېسەكمۇ بولىدۇ .

— غەرب پەيلاسوپلىرى نېمە ئۈچۈن بۇ ئىسلام پەيلاسوپلىرىغا شۇنچە قىزىققان ؟

— مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام پەلسەپىسى ئارىستوتېل ئىدىيىسىنىڭ غەربكە تولۇقى بىلەن تونۇشتۇرۇلۇشىدىكى كانال بولۇپ قالغان . ئىبنى سىنا بىلەن ئىبنى رۇشدنى ئارىستوتېل ئىدىيىسىنىڭ نوقۇل شەرھىشۇناسلىرى ، دېيىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس . ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئارىستوتېلىزمنى ئىسلام ئىدىيىسىگە ۋە ئېتىقادىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بېيىتتى . غەرب تاكى 12 ـ ئەسىرگىچە ئارىستوتېل بىلەن ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇشمىدى ، دېسەك خاتا بولمايدۇ . ئوتتۇرا ئەسىر غەرب پەلسەپىسىدە ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتېلنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر ، ھەتتا ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلالايمىز . لېكىن ، ئارىستوتېلنىڭ تەسىرى پەقەت ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ تەرجىمىسى ، شەرھى ۋە راۋاجى ئارقىلىق ، غەرب بىلەن تولىمۇ كېچىكىپ يۈز كۆرۈشتى . شۇنداقلا ، يۇقىرىقى پەيلاسوپلارنىڭ ئىزدىنىشى غەرب پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى . بۇنىڭ مىسالى ، توماس ئاكۇيناستۇر .① بۇلارنى ئىككىنچى مەۋسۇمدىكى « ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى » دېگەن دەرستە ئۆگىنىسەن .

① توماس ئاكۇيناس ( 1206 — 1274 ) ، ئوتتۇرا ئەسىر غەرب پەلسەپىسىنىڭ سىستېما قۇرغۇچىسى ، ئارىستوتېل ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان . ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر غەرب پەلسەپىسىنىڭ پەلسەپە پىلانىنى غەلىبىلىك تاماملىغۇچى ، دەپ قارىلىدۇ .

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باستى . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ،
ئەل فارابي بىلەن قەدىمكى گرېك پەلسەپىسىنىڭ مۇناسىۋىتى
خىيالىمنى تارىخنىڭ قاراڭغۇ قوينىغا ئېلىپ كەتتى . يۈسۈپ
خاس ھاجىپ باكوندىن نەچچە يۈز يىل ئاۋۋاللا ئىنسان ھاياتىدا
بىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن . لېكىن بۇ ئىدىيىنىڭ تۇنجى
تەشەببۇسچىسى يەنىلا سوقرات . سوقراتنىڭ قارىشىچە ، ئەقىل-
نىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىك ئالاھىدىلىكى بار . ئەگەر ئىنسان ئۆ-
زىدىكى ئەقىلنى يېتەرلىك جارى قىلدۇرسا ، ئۇ ئۆز مەۋجۇدىيە-
تىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئېرىشەلەيدۇ . سوقرات ئىنسانغا بەخت
كەلتۈرىدىغان نەرسىنىڭ بىلىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان .
ئۇنىڭ قارىشىچە ، بەختلىك ھايات ئەقىلگە بويسۇنغان ھاياتتۇر ،
شۇڭا بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى ، پەيلا-
سوپلارنىڭ ھاياتى ئەڭ بەختلىك ھاياتتۇر . يۈسۈپ خاس ھا-
جىپمۇ مەسىلىگە دەل سوقراتتەك قارىغان ، ئۇنى سوقراتنىڭ ۋە
ئەل فارابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېيىشكە بولىدۇ . لېكىن ،
مەسىلىنىڭ ئەڭ سەزگۈر نۇقتىسى شۇكى ، يۈسۈپ خاس ھا-
جىپ سوقراتنىڭ تار دائىرىدىكى بىلىمنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەم
بولۇشىدەك قارىشىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ، بىلىمنىڭ ئىدېئال
دۆلەتنىڭ ( يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەزەرىدىكى ئىدېئال دۆلەت
چۈشەنچىسى قويۇق شەرقچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، بىزگە
ئەپلاتوننىڭ « غايىۋى دۆلەت » ئىدىيىسىنىڭ بەزى تەسىرلىرىنى
ئەسلىتىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، « غايىۋى دۆلەت » ياكى ئوتوپىيەنى
تەشەببۇس قىلغان مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىچىدە ئەپلاتوننىڭ تە-
سىرىگە ئۇچرىمىغانلىرى يوق دېيەرلىك ) سىياسىي ، ئىقتىساد ،
قانۇن ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى رولىنى تولۇق ئىپادىلىگەن .

— ئاخىرىدا ، — دېدى پروفېسسور خىيالىمنى بۆ-
لۈپ ، — ئېسىڭىزدە بولسۇن ، سەن تاللىغان بۇ كەسىپ ئىنتايىن
قىيىن ۋە مۇرەككەپ . بەلكىم بۇلارنى كېيىن ئۆزۈڭمۇ ھېس قى-





لىشىڭ مۇمكىن . قانداق قىيىنچىلىقلار بولسا مېنى ياكى كاتىپنى
ئىزدە . بىزنىڭ كاتىپ خۇددى پەرىشتىگە ئوخشايدۇ . سەن ئۇ-
نىڭدىن خالىغان سوئالنى سورىساڭ بولىدۇ ، مەسىلەن ، بۇ شە-
ھەرنىڭ قەيىرىدە ئەڭ ئەرزان ۋە سۈپەتلىك كوكا - كولا سېتى-
لىدۇ ، دېگەندەك . مەن سېنىڭ سېپىمىزگە قېتىلغىنىڭنى
قارشى ئالىمەن .

كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . مېنى قىيناپ تۇرۇۋاتقان
ئازابلىق سوئال — « سەن كىم ؟ » سەل بوشىنىش تاپتى . بۇ
سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ يېرىمى تەكلىماكاننىڭ چاڭ - توزان باس-
قان ئاشۇ قاراڭغۇ تارىخىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقانىدى . مەن
قەدىمكى يىپەك يولى ئېلىپ كەلگەن ئىدىيە ئالمىشىش ھەرىكى-
تىنىڭ تەكلىماكاندىكى راۋاجىنى كۆرگەندەك بولدۇم .

— رەھمەت سىزگە ، پروفېسسور ، — دېدىم مەن قايتى-
ماقچى بولۇپ .

ئۇ مېنى بىرمۇنچە رىغبەت سۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ
قويدى . بۇ قېتىمقى ئەھمىيەتلىك سۆھبەت مېنىڭ ئۆزۈم تەۋە
بولغان تەكلىماكان مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا
چۈشىنىشىمگە يول ئاچتى . كېيىن غەرب ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپە
تارىخىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ، ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ غەرب
ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسىنىڭ ئەپلاتوننىڭ ئىزىدىن ماڭغان
مەشھۇر پەيلاسوپ ئاگۇستىندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بىر
مەزگىللىك تۇرغۇنلۇق ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاشتا ئوينىغان رولى
بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم . دەرۋەقە ، بۇ تەسىر مۇناسىۋىتىدە يە-
نىلا ئەل فارابى ، ئىبىن سىنا ۋە ئىبىن رۇشدلار ئارىستوتېلىزم-
نىڭ غەربكە تەسىر كۆرسىتىشىدە ئۆچمەس تۆھپە قوشقانىدى .
بۇ ئۈچ كاتتا ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ پەلسەپە نەتىجىلىرى
ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ مىستىتىزمدىن خالىي ئەقلىي سىستېمىدا
تەرەققىي قىلىشىدا ۋە پەلسەپىنىڭ مۇھىم بىر ئىلىم سۈپىتىدە

ئىسلام دۇنياسىدا  يىلتىز تارتىشىدا هەل قىلغۇچ ئەهمىيەتكە
ئىگە .

ئەل فارابى باغداد ئېقىمىغا تەۋە بولۇپ ، مىلادى 950 ـ
يىلى ۋاپات بولغان . ئۇ ئىسلام دۇنياسىغا ئارىستوتىل لوگىكىـ
سىنى تونۇشتۇرغان ۋە تۈرلەرگە ئايرىش شەكلى ئارقىلىق پەلـ
سەپە بىلەن تېئولوگىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقلىرىنى كەڭ دا-
ئىرىدە بايان قىلغان . شۇنداقلا ، پەلسەپىنى تېئولوگىيىدىن ئاي-
رىپ چىقىپ ، مۇستەقىل ئىلىم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان . لې-
كىن ، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئىسلام تېئولوگىيىسىنىڭ ئورنىنى تۆ-
ۋەنلەتمىگەن . ئۇ ئىسلام پەلسەپە تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ، ئادەم
بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن
چۈشەندۈرگەن ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، بۇ دۇنيادىكى بارلىق شەيئى-
لەرنىڭ هەممىسى زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى تاسادى-
پىيلىق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ : ئۇلارنىڭ ماهىيىتى
مەۋجۇتلۇقىغا باغلانمىغان . بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە كېلىپ
چىقىدۇكى ، ئۇلار ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلىدۇ . شۇڭا ئادەم
ئەڭ ئاخىرىدا خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ماهىيەت ۋە زۆرۈرىيەت
سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىشى كېرەك .
خۇدا بارلىق تاسادىپىي مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ سەۋەبىياتىدۇر .

ئۇنىڭ يەنە بىر پەلسەپىۋى سىستېمىسى ۋەهدەتتۇر.
ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى شەرق سوپىزم ئىدىيىسى بىلەن زىچ باغلاند-
غان بولۇپ ، ئۇنىڭ پەلسەپىسى قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە . ئۇ-
نىڭ قارىشىچە ، ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي ۋەزىپىسى خۇدانى تو-
نۇش . ئالەمنىڭ ئومۇمىي جەريانى خۇدادىن باشلىنىپ ، خۇداغا
قايتىدۇ . شۇڭا ، ئادەم خۇدانىڭ ياراتمىشى بولۇش سۈپىتى بى-
لەن خۇداغا قايتىشنى ئىرادە قىلغان .

يەنە بىر ئۇلۇغ ئىسلام پەيلاسوپى ئىبنى سىنادۇر
( 980 ـــ 1037 ) . ئۇ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا





يازغان . تۇغما ئەقىللىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئىبنى سىنا
كىچىكىدىلا قۇرئان كەرىم ، ئەرەب ئەدەبىياتى ، گېئومېتىرىيە ،
قانۇن ۋە لوگىكىلارنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن . ئۇنىڭدىن
سىرت ، ئۇ تېئولوگىيە ، فىزىكا ، ماتېماتىكا ۋە مېدىتسىنالارنى
ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن ، شۇنداقلا ئون ئالتە يېشىدىلا تونۇلغان
تېۋىپ بولۇپ قالغان . ئۇ بىر يېرىم يىل سەرپ قىلىپ ، پەلسەپە
ۋە لوگىكا ئۆگەنگەن . ئۇ پەقەت ئەل فارابىنىڭ شەرھلىرى ئار-
قىلىقلا ئارىستوتىلنىڭ مېتافىزىكىسىنى تەلتۆكۈس چۈشىنىشكە
مۇۋەپپەق بولغان . ئۇ ئارىستوتىلنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى ئەللىك
قېتىم ئوقۇپ ، ئاندىن چۈشەنگەنلىكىنى يازغان .

ئىبنى سىنانىڭ هاياتى تولىمۇ ئەگرى ـ توقايلىقتا ئۆت-
كەن . ئۇ بىر نەچچە خانلىقتا ۋەزىر بولغان ، تېبابەتچىلىك بى-
لەن ئىزچىل شۇغۇللانغان . پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن
ئەسەرلىرىنى ئاتنىڭ ئۈستىدە ۋە تۈرمىلەردە يازغان . ئۇ ئەللىك
ئالتە يېشىدا هەمەداندا ۋاپات بولغان . ۋاپات بولۇش ئالدىدا پۈ-
تۈن مىراسلىرىنى كىشىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن ۋە ئارىستوتىلغا
ئوخشاش بارلىق قۇللىرىنى ئازاد قىلىۋەتكەن . ئۇنىڭ پەلسەپىۋى
ئەسەرلىرى ياۋروپا تىللىرىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنىپ يۈكسەك
تەسىر قازانغان .

ئىبنى سىنانىڭ نەزىرىدە ، زۆرۈرىيەت قارىشى بىرىنچى
ئورۇندا تۇرىدىغان مۇهىم قاراشتۇر . ئۇنىڭچە ، بارلىق مەۋ-
جۇداتلار زۆرۈرىيەتتىندۇر . ئۇ ئىككى خىل زۆرۈرىيەتنى ئوت-
تۇرىغا قويغان ۋە ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرگەن . ئۇ-
نىڭ قارىشىچە ، بۇ دۇنيادىكى ئالاهىدە ئوبيېكت ئۆز ـ ئۆزىدىن
زۆرۈر ئەمەس ، ئۇنىڭ ماهىيىتى مەۋجۇتلۇقىغا زۆرۈرىيەت سۈ-
پىتىدە باغلانمايدۇ . ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈرىيەتكى ، ئۇنىڭ
مەۋجۇتلۇقى ئۆزىدىن سىرت بولغان زۆرۈر هەرىكەت تەرىپىدىن
بەلگىلەنگەن . ئىبنى سىنا ئۈچۈن تاسادىپىي مەۋجۇدات مۇنداق

مەنىگە ئىگە ، يەنى تاسادىپىي مەۋجۇداتنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەۋجۇداتنىڭ ماھىيىتى سەۋەبىدىن ئەمەس ، بەلكى تاشقى سەۋەبنىڭ زۆرۈر ھەرىكىتى داۋامىدا ھاسىل بولىدۇ . بۇ خىلدىكى مەۋجۇداتلار ئەلۋەتتە سەۋەبلەنگەن ، شۇڭا تاسادىپىيدۇر . ئىبنى سىنا بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنكى ، سەۋەبىيات چەكسىز داۋاملاشمايدۇ . بۇ يەردە چوقۇم تاشقى سەۋەبىيات تەرىپىدىن سەۋەبلەنمىگەن بىرىنچى سەۋەبىيات مەۋجۇت بولۇشى كېرەك . بۇ سەۋەبلەنمىگەن ئىلاھىي مەۋجۇدات ماھىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى باشقا مەۋجۇداتلاردىن قوبۇل قىلمايدۇ ، بەلكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى دەل ئۇنىڭ ماھىيىتىدۇر . بۇ زۆرۈر ۋە ئاداققى مەۋجۇدات ئۆز ـ ئۆزىدىن زۆرۈر . ۋەھالەنكى ، تاسادىپىي مەۋجۇداتلار ئۆز ـ ئۆزىدىن زۆرۈر ئەمەس . بۇ ئاداققى ھەم زۆرۈر مەۋجۇدات خۇدادۇر .

بىز ئىبنى سىنانىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىدىن ئارىستوتىلنىڭ روشەن تەسىرىنى كۆرۈۋالالايمىز . لېكىن ، ئۇ ئارىستوتىلنىڭ ئىسلام ئىدىيىسىگە ماس كەلمەيدىغان قىسمىنى چىقىرىپ تاشلاپ ۋە بەزىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، ئىسلام پەلسەپىسىنى ياراتقان . ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خۇدانىڭ سۈپەتلىرىنى ھەقىقەت ، ئىزگۈلۈك ، ئىشق ۋە ھاياتقا يىغىنچاقلىغان . ئۇنىڭ قارىشىچە خۇدا مۇتلەق ئىزگۈلۈكتۇر ، ئۇ ئۆز ئىزگۈلۈكلىرىنى زۆرۈرىيەت شەكلىدە تارقىتىدۇ ، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى ، خۇدا مەۋجۇداتلارنى زۆرۈرىيەت بىلەن ياراتقان . خۇدا زۆرۈر مەۋجۇدات بولغاچقا ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىمۇ چوقۇم زۆرۈرىيەت بولۇشى كېرەك . ①

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تۈنجى سائەتلىك دەرسكە

① ئەل فارابى ۋە ئىبنى سىنانىڭ پەلسەپە ئىدىيىلىرى ھەققىدىكى بىلىملەر فرېدرىك كوپلېستىننىڭ « پەلسەپە تارىخى » ( ئىنگلىزچە ) دېگەن ئەسىرىنىڭ 2 ـ تومىدىن ئېلىندى .





قاتناشتىم . كېچىكىپ كەلگەچكىمىكىن ، ئۆتۈلۈۋاتقان مەزمۇنلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنقى بۆلەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ھەقىقەتەن تەسكە چۈشتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ يەردە « ئۆلچەملەشكەن دەرسلىك كىتاب » دېگەن ئۇقۇم بولمىغاچقا ، ئۆتۈلگەن ھەربىر مەزمۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى باشقا ئالاقىدار كىتابلاردىن كۆرۈش كېرەك ئىدى . ياخشى يېرى ، ھەربىر دەرس باشلىنىپ ، تۈنجى سائىتىدىلا ، پروفېسسورلار ئۆز دەرسىگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنىڭ ، ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ۋە دەرسنىڭ ئۆتۈلۈش ۋاقىت جەدۋىلىنى تارقىتىپ بېرىدىكەن . بۇنداق بولغاندا ، ئۆزۈمنىڭ دەرسلەردە قانچىلىك ئارقىدا قالغانلىقىم ۋە قانداق يېتىشىۋېلىشىم ھەققىدە كۆڭلۈمدە ئېنىق سان بولاتتى .

پۈتۈن شەھەرنى ئىككى كۈن قاتراپ يۈرۈپ ، مىڭبىر تەستە ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ، ھاۋالىق جايغا جايلاشقان ياتاق ئۆي تېپىۋالدىم . ئەمدىكى مەسىلە ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن دەرسلەرگە يېتىشىۋېلىش ئىدى . شۇنىسى ، ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەردىن ئىنگلىزچە خاتىرە قالدۇرۇپ مېڭىش ۋە ھەربىر دەرسلىك ئۈچۈن كىچىك ـ كىچىك ماقالىلەرنى يېزىپ تۇرۇش ماڭا دەسلەپىدە قىيىن بىلىندى . ئىنگلىز تىلىنىڭ مۇھىملىقى بارغانسېرى بىلىنىشكە باشلىدى . ھەرھالدا ، دەرسلەرگە ئاستا ـ ئاستا كىرىشىشكە باشلىدىم .

ھەر دەم ئېلىش سائىتى توشقاندا ، بەزى ساۋاقداشلىرىم « يولدا قوشۇلغان ھەمراھ » قا ـــ ماڭا قىزىقسىنىپ ، نەدىن كەلگەنلىكىم ۋە كىم ئىكەنلىكىم ھەققىدە سوئاللارنى سورايتتى . مەن بىر قاتار چۈشەندۈرۈشلەردىن كېيىن ، « مەن ئۇيغۇر » دېسەم ، كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە خۇددى يەر شارىدا يېڭىدىن بايقالغان قۇرۇقلۇقنىڭ نامىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قاراپ قالاتتى . ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە

قىسقىچە چۈشەنچە بەرسەم، « ھە، مۇنداقكەندە » دەپ قويۇشاتتىيۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن يەنىلا چۈشەنمەيۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

شەخسنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتى ئابستراكت نەرسە ئەمەس، ياكى ئۇنى قەغەز، ھۆججەت ۋە تامغىلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، ئۇ بىر قەۋمنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ — بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ شۇ مەدەنىيەت ئەزالىرىدا ۋە باشقا مەدەنىيەت ئەزالىرىدا ئېتىراپ قىلىنىش ۋە بىلىش جەريانىدۇر. ھېچقانداق ئادەم يەككە - يېگانە مەدەنىيەت سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. دەل شەخس تەۋە مەدەنىيەت ئۇنىڭ پۈتكۈل پائالىيەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى، شۇنداقلا ئۇ ئاشۇ مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە كۆزىتىلىدۇ. قىممەت تۇرغۇزۇلىدۇ ۋە تونۇلىدۇ. شەخسنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتى ئۇنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە رېئاللىقىغا چەمبەرچاس باغلانغان.

— مەن ئىتالىيان، — دېدى بىر ئوغۇل بالا ئۆزىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇشتۇرۇپ.

ئۆزلۈك سالاھىيىتىنىڭ بۇ خىل ئاشكارىلىنىشى ۋە مەندە بىلىش جەريانىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى خىيالىمنى دۇنياغا مەشھۇر بولغان قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋاقىت تەرىپىدىن ئۆچۈرۈلۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئەسلىمىلىرىگە ئېلىپ كەتتى. تۇرۇپلا سالۋادور كاشمودونىڭ ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەس ئۈمىدى — ئەركىنلىكنى كۈيلىگەن شېئىرلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. ئىتالىيانلار مەدەنىيەتتىكى مەلۇم ماكان ۋە زاماندا ئۆز تەرەققىياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەۋمدۇر، ئۇ شۇ كوللېكتىپنىڭ ھازىرقى مەھسۇلى ئىدى. ئۇ تارىخنىڭ مەلۇم پەيتىدە ۋە ھېچكىم ئالدىن ھۆكۈم قىلالمايدىغان مەلۇم بىر يېرىدە مەندەك بىر تەكلىماكانلىق ناتونۇش ئادەم بىلەن تۇنجى



تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە

قېتىم ئۇچرىشىۋاتاتتى. مەن ئۇ كەلگەن مەدەنىيەتنى ئازدۇر - كۆپتۇر بىلەتتىم، لېكىن ئۇ مەن كەلگەن مەدەنىيەتتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى.

ئەگەر ئىنسانلار ئارىسىدا مەدەنىيەتتىن ھالقىغان ئورتاقلىق بار دېيىلسە، ئۇ شەكسىزكى ھاياتلىققا ۋە ياشاشقا بولغان ئارزۇنىڭ ئوخشاشلىقىدۇر. كىشىلەر مەيلى قايسى خىل مەدەنىيەتكە تەۋە بولمىسۇن، مەدەنىيەت ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ قىممەت شەكلى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىشى. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن كېلىپ چىقىدۇكى، مەدەنىيەت قانداقتۇر ساماۋى دەستۇرلار ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ رېئال ۋە ماھىيەتلىك ئىنتىلىشى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلى — ياشاش، بىر نان، بىر ئۆي ۋە ئائىلە قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ھەققىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ كەلدى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ياشاشنىڭ — ئىنسانلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ كېلىشىنىڭ شەكلەن ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە ئىپادىلەندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئافرىقىنىڭ يىراق قىرغاقلىرىدا، تۈرلۈك مۇراسىملار ئارقىلىق ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنىۋى ھاياتىي كۈچىدىن بەھرە ئېلىپ ياشاۋاتقان ئافرىقىلىقلار ياشاش ئېڭى بىلەن غەربلىكلەرنىڭ روك مۇزىكا كېچىلىكىگە قاتنىشىپ، تۇرمۇشنىڭ بېسىمىنى كۈچلۈك قوزغاتقۇچ شەكلىدىكى رىتىم ئارقىلىق ئۇنتۇشقا ۋە بىر خىل روھىي ئەسەبكە ئېرىشىشى ئوتتۇرىسىدا شەكىل جەھەتتىن مەلۇم پەرق بولغانلىقى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن ياكى مۇددىئا نۇقتىسىدىن ھېچقانداق پەرق يوق. چۈنكى مەدەنىيەت ئۆز كوللېكتىپىغا ھاياتىي كۈچىنى، روھنىڭ ئازادلىكى ۋە تىنچلىقىنى، شۇنداقلا ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

غەربلىكلەر خۇددى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخ-

شاشلا ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتىدۇ . ئۇلارغا شۇ نەرسە ئايانكى ، مەدەنىيەت شەخستىكى يېگانىلىك تۇيغۇسىنى يوقىتىشتىكى ۋە شەخسنى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت كوللېكتىپنى ئۇيۇشتۇرۇش رولىغا ئىگە قىلىشتىكى ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئىچىدە ئۆزىنى خۇددى باشقا مەدەنىيەت ئەزالىرى بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇيۇشۇشچانلىقتا ئىگە مەدەنىيەت جامائەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك پائالىيەت ۋە جەريان . بۇ مەنىدىن ئالغاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرغان مۇراسىملار ۋە « ئون ئىككى مۇقام » تەكلىماكان مەدەنىيەت ئېڭىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەردۇر . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مۇراسىم شەكىللىرىدە هاياتلىقنىڭ ئىنساندىن تەلەپ قىلىدىغان تۈپكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشلىرى ، « ئون ئىككى مۇقام » دا هاياتلىقنىڭ قەدىمىي ئاۋازى بار . تەكلىماكانىنى چۆرىدەپ ياشاش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇزاق تارىخى بارلىققا كەلتۈرگەن « تەكلىماكان مەدەنىيىتى » مانا هازىر « سەن كىم ؟ » دېگەن ئەجەللىك سوئالغا دۇچ كەلدى . چۈنكى ، تاشقى پلانېتتىن ياكى چەكسىز كائىناتتىن قارىغاندا ، خۇددى كىچىككىنە چاڭ ـ توزانچىلىك كېلىدىغان يەر شارىدا ياشاۋاتقان ئادەملەر بىر تەرەپتىن ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىششى ئارقىسىدا بارلىققا كېلىدىغان « ئورتاق يەر شارى مەدەنىيىتى يېزىسى » نى خام خىيال قىلىش بىلەن بىرگە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆز مەدەنىيىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ، باشقىلاردىن « سەن كىم ؟ » دېگەن قەدىمىي سوئالنى سوراشنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق . قارىغاندا ئىنسانلار ئورتاق بىر زېمىندا — يەر شارىدا ياشاۋاتقىنى بىلەن مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئارىلىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى





ئەقلىي سىستېما دەپ قارىسا كېرەك . گەرچە مەلۇم مەدەنىيەتكە تەۋە بولۇش سۈپىتى بىلەن ، هەر بىر ئادەم بۇ سوئالغا تارىخنى شېپى كەلتۈرۈپ ، ئۇزاق ئىزاهلاشنى بېرەلمىسىمۇ ، ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن — يەرشارىدا ياشاۋاتقان ، ئەقلىي جەھەتتە يۈكسەلگەن جانلىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس . « سەن كىم ؟ » بۈگۈن سەندىن سورالغان بولسا ، كەلگۈسىدە ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە سېنىڭ باللىرىڭدىن سورىلىدۇ .

# غەرب مەدەنىيىتى، تەكلىماكان ۋە باشقىلار

*ئەگەر ماڭا بىر تايىنىش نۇقتىسى بېرىلسە، يەر شارىنى ئورنىدىن يۆتكىيەلەيمەن.*

*— ئارخىمېد*

كۈنلىرىم ئالدىراشچىلىقتا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرگە يېتىشىپ مېڭىش ۋە ئۆتۈلۈپ بولغانلىرىنى تەكرارلاش كۆپ كۈچ سەرپ قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ھەممىنى قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە بىر تەرەپ قىلىپ ماڭدىم. ھاياتىمدىكى ئەڭ قىزغىن ۋە ئەھمىيەتلىك چاغ باشلانغانىدى. قەدىمكى شەرق ۋە غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بىلىمنىڭ ئادەمگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. بىلمەسلىكتىن بىلىشكە، بىلىشتىن تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىشكە ئۆتۈش ئادەمگە خۇددى بىلىم زېمىنىنىڭ بارغانسېرى ئېچىلىۋاتقاندەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، «كاللاڭ يورۇۋاتقاندەك» تۇيغۇ بېرىدۇ. بەزى چاغلاردا بىلمەيدىغان نەرسىلىرىمنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى ئويلىسام، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي بېشىم قېتىپ كېتەتتى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سەلتەنەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ماڭا ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم خىرىسنى ھېس قىلدۇردى. بۇ خىرىسنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئاكتىپ پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇش ئېيتىلماققا ئاسان بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە زور تىرىشچانلىق تەلەپ قىلاتتى. تۇنجى قېتىم پەلسەپە كۇتۇپخانىسىغا كىرگىنىمدە كىتابلارنىڭ تۈرى، سانى ۋە تېمىلىرىنىڭ كۆپلۈكىلا ماڭا «بىلىم» دېگەن بۇ قەدىمىي ئاتالغۇنىڭ ناھايىتى ئېغىر ۋەزنىنى ھېس قىلدۇردى.





مەن دەسلەپ يولۇققان مەسىلىلەرنىڭ بىرى تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى بولدى. گەرچە ئىنگلىز تىلى ئورتاق دەرسلىك تىلى بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر ئاتالغۇنىڭ ئىنچىكە مەنىلىرىگە كەلگەندە مەن ئۆز چۈشەنچەمنىڭ بەزىدە باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايقىدىم. چۈنكى، مەن ھەربىر ئاتالغۇنى يەنىلا مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆزۈم يېتىلگەن مەدەنىيەت كونتېكىس دائىرىسىدە چۈشىنەتتىم. دېمەك غەربلىكلەرنىڭ تىلىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق دۇنيانى چۈشىنىش ۋە شەرھلىشى بىلەن مېنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىم ۋە شەرھلىشىم ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى نازۇك پەرق بار ئىدى. گەرچە بىز ئورتاق ئاتالغۇنى ئىشلەتسەكمۇ، تەجرىبىمىز، تەسىراتىمىز، تۇيغۇمىز ۋە تەپەككۇرىمىز ئوخشاش بولمايتتى.

بولۇپمۇ، بەزى ئاتالغۇلارنىڭ مەن تەۋە مەدەنىيەتكە تەۋە بولماسلىقى مېنى بەزى چاغلاردا ئاشۇ ئاتالغۇنى تەلتۆكۈس چۈشىنىشتىن مەھرۇم قالدۇراتتى. چۈنكى مەلۇم ئاتالغۇنىڭ مەلۇم تىلدا بولۇشى شۇ ئاتالغۇغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەزمۇنلارنىڭ شۇ مەدەنىيەتتىن تېپىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، سۆزلۈكلەرگە باي تىلنىڭ ئەزالىرى تىل ئارقىلىق ئارتۇقلىدىغان باي تەپەككۇرغا ئىگە بولالايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىبن رۇشد ئارىستوتېلنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىگە شەرھ يېزىش داۋامىدا، «تراگېدىيە» بىلەن «كومېدىيە» دىن ئىبارەت ئىككى ئاتالغۇنىڭ شەرھىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىگە يولۇققانىكەن. چۈنكى بۇ ئىككى ئاتالغۇ ئىبن رۇشدتىن ئىبارەت يېتۈك ئىسلام پەيلاسوپىغا پۈتۈنلەي يات بولۇپ، ئىلىم ئەخلاقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەرەب مەدەنىيىتىگە «يات» بۇ ئاتالغۇلار ئىبن رۇشدنى ئۆز مەنىسى ھەققىدە توختىماي ئويلىنىشقا مەجبۇر

قىپتۇ . بىر كۈنى ئىبنى رۇشدنىڭ كۆزى پەستە ئويناۋاتقان يا-
لىڭاچ باللارغا چۈشۈپتۇ . دەل شۇ چاغدا باللار دەل مەسچىت-
تىكى مەزىننى ۋە نامازخانلارنى دوراپ ئويناۋاتقانىكەن . بۇ ئىبنى
رۇشدنى خۇددى گرېكلار ۋە لاتىنلار ئېيتقان « دراما » نى
ئەسلىتىپتۇ ، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن جاۋابقا
ئېرىشەلمەپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ .

بىر كۈنى ، ئىبنى رۇشد ئوبۇلقاسىم ئىسىملىك بىر
سەيياھنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ . سورۇندا ئوبۇلقا-
سىم ئۆزىنىڭ يىراق ئەلدىكى ساياھىتىنى مېھمانلارغا سۆزلەپ
بېرىپتۇ .

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ، سىن كالان شەھىرىدىكى
مۇسۇلمان سودىگەرلەر مېنى بىر غەلىتە ئۆيگە باشلاپ ئاپاردى .
بۇ ئۆينى تەسۋىرلەش ھەقىقەتەن قىيىن ، چۈنكى بۇ كىچىكلا
ئۆي بولۇپ ، ئوتتۇرىسىدا بىر پەلەمپەيلىك سەينا بار ئىدى . ئۇ-
نىڭدا نىقابلانغان كىشىلەر غەلىتە ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى .
ئۇلارنىڭ بىرى تۈيۈقسىز باغلاندى ، لېكىن ھېچكىم بۇ سەينادا
زىنداننى كۆرمىدى . ئۇلار ئاتلىق سەپەر قىلدى ، لېكىن ھېچكىم
ئاتلارنى كۆرمىدى . ئۇلار قىلىچلاشتى ھەم بەزىلىرى ئۆلدى ،
لېكىن ئۆلگەنلىرى بىردەمدىن كېيىنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ
كەتتى .

سورۇن ئەھلى قايمۇقۇپ قاپتۇ ۋە ئاخىرىدا « سىن
كالانلىقلار سارائ بوپتۇ » دەپ يەكۈن چىقىرىپتۇ ، لېكىن ئىبنى
رۇشد كەچتە ئۆيىگە قايتقاندا ، ئۆزىنى ئۇزاقتىن بېرى قىيناپ
كېلىۋاتقان مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپقانلىقىنى جەزم قىپتۇ . شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇ قولىيازمىسىغا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇنۇ
قۇرلارنى پۈتۈپتۇ : « ئارىستوتېل قەسىدىگە تراگېدىيە ، كومې-
دىيىگە ساتىرا دەپ نام بېرىدۇ » .

بۇنىڭدىن مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئۇلار ئوتتۇ-





رىسىدىكى پەرقلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشىگە
قانچىلىك زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋال-
غىلى بولىدۇ . غەربتىكى پسىخولوگلار نۇرغۇنلىغان خەلقلەرنىڭ
تىلىدىكى ئاساسىي رەڭ ئاتالغۇلىرىنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق يە-
كۈنگە ئېرىشكەن : يەر شارىدىكى ئىنسانلار ئورتاق رەڭ چۈ-
شەنچىسىگە ئىگە . ۋەھالەنكى ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېلىپ بېرىل-
غان تەتقىقاتلار بۇ يەكۈننىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى
ئىسپاتلىغان . بۇ يەردە مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋى ئۇنىۋېرسال ئالا-
ھىدىلىكى بىلەن ئۇنىڭ كۆپ خىللىقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق
مەسىلىسى بار . لېكىن كىشىلەر بۇنىڭلىق بىلەن دۇنيا تىلى
ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىدىن ۋاز كەچكىنى يوق . چۈنكى مەدە-
نىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۆز نۆۋىتىدە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئالاقە ۋە چۈشىنىشنى چەتكە قاقمايدۇ . شۇڭلاشقا ،
شۇ نەرسە ئېنىقكى ، باشقا مەدەنىيەتلەردىن پۈتۈنلەي « ئايرىل-
غان » مەدەنىيەتنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس ، دەيدىغان
قاراش توغرا ئەمەس . ئەگەر بۇ قاراش توغرا بولسا ، بىز
قانداقسىگە ئۇلارنىڭمۇ ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز ؟

ئۇنىۋېرساللىق بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ زىددىيىتى مې-
نىڭمۇ كۈندىلىك پائالىيىتىمگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى .
مەن كېيىنچە شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى ، مەدەنىيەتلەر ئوت-
تۇرىسىدا روشەن پەرق مەۋجۇت ، لېكىن بىز بىر - بىرىمىزنى
ئۆزئارا چۈشىنەلمەيمىز . چۈنكى بۇ يەردە مۇنداق بىر ئالدىنقى
شەرت بار : **مەدەنىيەت ئىنسانلار تۈپىنىڭ مەقسەتلىك پائالىيەتلىرىنىڭ**
**ئىپادىسى** . غەرب مەدەنىيىتى مەندە نۇرغۇن چۈشىنىشسىزلىك-
لەرنى ۋە قايمۇقۇشلارنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ ، بۇ مەدەنىيەتنى
چۈشىنىپ يېقىش قىزغىنلىقىمنى سۇسلاشتۇرالمىدى . شۇڭا مەن
ئالدى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى — ئۇنىڭ
مەدەنىيەت يىلتىزىنى ئىزدەپ بېقىشنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى زۆ-

رۇرلۇكىنى ھېس قىلدىم .

غەرب جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد
جەھەتتىن ئېيتقاندا غەربىي ياۋروپا ، شىمالىي ئامېرىكىلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ . بېلگىيە غەربىي ياۋروپاغا جايلاشقان بولۇپ ،
تىپىك ياۋروپا دۆلىتى ئىدى . ھېس قىلىشىمچە ، بېلگىيىدىن
ياۋروپاغا خاس ھەممە ئالاھىدىلىك تېپىلاتتى . گەرچە مېنىڭ
غەربكە بولغان چۈشىنىشىم مۇشۇ كىچىك دۆلەت بىلەن چەكلە-
نىپ قالغان بولسىمۇ ، خۇددى بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ شو-
لىسىنى كۆرگىلى بولغىنىدەك ، بۇ دۆلەت ئارقىلىق غەرب توغ-
رىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ھېسسىي چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى
بولاتتى .

كۆز ئالدىمغا ئالدى بىلەن تاشلانغىنى غەرب مەدەنىيىتى-
نىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بولدى . بۇ غەربكە تۇنجى قەدەم باسقان
ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىغان جەلپكار ئامىل ئىدى .
ئالاھىدە ئاسرىلىۋاتقان قەدىمىي ئىمارەتلەر ، شەھەر قۇرۇلۇش
مۇئەسسەسەلىرى ، قۇلاي قاتناش - ترانسپورت ، كىشىلەرنىڭ
مەدەنىي يۈرۈش - تۇرۇشى ، توخۇ سۇتىدىن باشقا ھەممە نەرسە
تېپىلىدىغان ئەلۋەك بازار ، يېمەكلىك ، مەدەنىي كۆڭۈل ئې-
چىش ، مەدەنىي ۋە ئىلمىي ئاتموسفېرا ... مانا بۇلار مېنىڭ دەس-
لەپتە قىزىقىشىمنى قوزغىغان ئامىللار بولدى . ئۇزاق يىللىق مە-
دەنىيەت ئەنئەنىسى ئارقا كۆرۈنۈشىدە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا
تۇرىدىغان ئالىي مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان غەربلىكلەر
ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ئەقلىي شەكىلدە يەنى ئىنسانىنىڭ
پۈتكۈل ھاجىتىدىن چىقالىغۇدەك قۇرۇلمىدا قۇرۇپ چىققانىدى .
غەربكە تۇنجى بارغان ئادەم تۇرمۇشنىڭ قۇلايلىقى ، ماددىي با-
ياشاتچىلىقنى ناھايىتى ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ ، ئەگەر بۇ ماددىي
مەئىشەتلەرنى بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلاشقا توغرا كەلسە ،
غەرب جەمئىيىتى يۈكسەك ئەقلىي قۇرۇلمىغا ئىگە ، دېيىش





مۇمكىن .

غەربلىكلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا نەزەر سالغىنى-
مىزدا ، يۈكسەك جەھەتتە تەرەققىي قىلغان ماددىي سىستېمىنىڭ
كەينىدىكى ئادەمنىڭ تەنھالىقى ۋە غېرىبلىقىنى بايقىۋېلىش تەس
ئەمەس . گەرچە كېيىنكى سانائەت ئىنقىلابى غەربلىكلەرنىڭ
قىممەت قارىشىغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن
بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنى ياتلىشىش تەقدىرىدىن قۇتقۇزالمىغان .
كىشىلەر بارغانسېرى ئۆزلىرى ئىگە بولۇۋاتقان ماددىي بۇيۇملار-
نىڭ قورشاۋىدا قېلىپ ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بې-
رىش - كېلىش ئېلىپ كېلىدىغان مېھىر - مۇھەببەتتىن مەھرۇم
قېلىۋاتىدۇ .

ماڭا دەسلەپتە بېلگىيىلىكلەرنىڭ ئىت بېقىش ھەۋىسى
قاتتىق تەسىر قىلدى . شەنبە ۋە يەكشەنبىدە كوچىلاردا ھەرخىل
ئېسىل نەسىللىك كۈچۈكلەرنى ۋە ئىتلارنى يېتىلىۋالغان كىشى-
لەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ . ئۇلار كۈچۈكلەرنى ۋە ئىتلارنى يې-
تىلەپ ، كوچىلاردا بىخىرامان سەيلە قىلىشىدۇ . بولۇپمۇ بۇ ھا-
دىسە ياشانغانلاردا تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك . قارىغاندا ئۇلار ئاخىرقى
ئۆمرىنى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدىكى تەنھالىقىنى ئادەم
بىلەن ئەمەس ، بەلكى گەپ قىلالمىسىمۇ ، « دۈشمەنلىك قى-
لىش » قولىدىن كەلمەيدىغان رايىش ھايۋان ئىت بىلەن ئۆت-
كۈزۈشنى خالىسا كېرەك .

ۋەھالەنكى ، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ياتلىشىشى ۋە
تۇرمۇشتىكى يەككە - يېگانىلىق ھادىسىسى غەربلىكلەرنىڭ ئو-
مۇمىي گەۋدە سۈپىتىدىكى پائالىيىتىنى توسالمىسا كېرەك . شۇ-
ڭا ، ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ زۆرۈرلۈكى بارغانسېرى كۆپ خىل
پەنلەرنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئايلانماقتا . ئۇلار خىلمۇخىل شە-
كىللەر ئارقىلىق ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان كىچىككىنە « جەننەت »
لىرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، ئادەمگە ھاياتىي كۈچىنى ھېس

قىلدۇرىدىغان كوللېكتىپ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىششقا
رىغبەتلەندۇرۇلمەكتە .
ئارىستوتىل ئادەمگە ئادەم ئىجتىمائىي هايۋاندۇر ، دەپ
تەبىر بەرگەن . ئادەمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ يەككە ـ
يېگانىلىقى ئەمەس ، بەلكى ئىجتىمائىيلىقىدۇر . غەربنىڭ پۈتكۈل
ماددىي قۇرۇلمىسى دەل ئادەمنىڭ مانا مۇشۇ خىل ئىجتىمائىيلىقىنى
چىقىش قىلغان بولۇپ ، « ئومۇمنىڭ بەخت ـ سائادىتى » چۈ-
شەنچىسى هۆكۈمەتتىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممىنىڭ
غەرب جەمئىيىتىدىن تەلەپ قىلىدىغان سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە
مەدەنىيەت ئۆلچىمىگە ئايلانغان . قىزىقارلىق يېرى شۇكى ،
« ئومۇمنىڭ بەخت ـ سائادىتى » ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پۈت-
كۈل تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن ماددىي مەئىشەت
ئەڭ ئاخىرىدا يەككە شەخسنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتۈش بىلەن ئۇ-
زىنىڭ سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، « ئو-
مۇمنىڭ بەخت ـ سائادىتى » ئارقىسىدىن بارلىققا كېلىدىغىنى
قانداقتۇر ئابستراكت گۇللىنىش بولماستىن ، بەلكى شەخسنى
بارغانسېرى ئوراپ ، ئۇنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈ-
زۈپ تاشلايدىغان چىرايلىق بېزەلگەن ئۆيدۇر . شۇنداقتىمۇ ،
غەربتىكى ھەربىر شەخس جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ
تەقسىملىنىشىدە ئادىللىقنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ كەلدى . «
ئومۇمنىڭ بەخت ـ سائادىتى » مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا
كىشىلەرگە ئىجتىمائىي ھەققانىيەت تۇيغۇسى ۋە ياشاش ھو-
قۇقى ئەۋزەللىكىنى ئاتا قىلىدۇ . بۇ يەردە بىز ئەنگلىيە يۇتىلىتا-
رىئانىزمچىلاردىن جېرومې بېنتام بىلەن ج . س مىلنىڭ ئىدىيە-
لىرىنى ئەسلەپ قالىمىز . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، يۇتىلىتارىئانىزم
توغرۇلۇق ۋە ئادالەت ھەققىدىكى نەزەرىيىدۇر . ئۇلار ئىجتىمائىي
پاراۋانلىققا ئىنتايىن مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ
ھەمدە مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ،





سىياسىي ئىدىيىسى ، تەشەببۇسلىرى ۋە پەلسەپۋى قاراشلىرىنى
پاراۋانلىق ئۇقۇمىنى مەركەز قىلغان ، دېيىشكىمۇ بولىدۇ .
ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، پاراۋانلىق چوقۇم كېڭەيتىلىشى
كېرەك ، يەنى شەخسنىڭ پاراۋانلىقى بىلەن ئومۇمنىڭ پاراۋان-
لىقى تەڭشىلىشى كېرەك . بېنتامنىڭ ئىدىيىسى مىقدار ( سان )
ئۆزگىرىشى خاراكتېرىدە بولۇپ ، ئۇ ئەڭ كۆپ ساندىكى كىشى-
لەرنىڭ بەختىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان . ئۇنىڭ تۈپكى سى-
ياسىي قارىشى شۇكى ، ھەرقانداق سىياسىي كۈچ ئەڭ كۆپ
ساندىكى كىشىلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل
سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ ۋە ئىسلاھاتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى
قىلىشى كېرەك . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئەڭ كۆپ ساندىكى كىشى-
لەرنىڭ بەخت ـ سائادىتى ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل
ئەخلاقىي ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كونتېرتىپىنىڭ ئويلىنىش
مەركىزىگە ئايلىنىشى كېرەك . گەرچە غەربتىكى ھەرقايسى دۆ-
لەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئەھۋالى ۋە بۇ ھەقتىكى قولغا
كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ ، مۇنداق بىر
نۇقتا ئېنىقكى ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە مە-
دەنىيەت ھەرىكەتلىرى ئومۇمنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى چىقىش
قىلغان . غەربىي ياۋروپادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەردە مائارىپنىڭ
ئاساسەن دېگۈدەك ھەقسىزلىكى داۋالىنىش ھەققىنىڭ شەخس-
لەرنىڭ كۆتۈرۈش دائىرىسىدە بولۇشى ، ئىش ھەققىنىڭ يۇقى-
رىلىقى ، ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى قاتارلىقلار مۇشۇ خىل ئومۇ-
مىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەش ئىدىيىسىنىڭ كونكرېت ئى-
پادىلىرىدۇر . شۇڭا ، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە باج ئومۇميۈز-
لۈك يۇقىرى بولسىمۇ ، كىشىلەر ئاڭلىقلىق بىلەن باج تاپشۇرى-
دۇ . چۈنكى ، بۇ يەردە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەت قانۇن ئارقىلىق نازارەت قىلىنىدۇ ۋە ئىشەنچ ئۈستىگە
قۇرۇلغان بولۇپ ، كىشىلەر تاپشۇرۇلغان باجنىڭ يەنە ئايلىنىپ

ئۆزلــىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈ-
چۈن قايتا ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا ۋە ئاكتىپ ئىقتىسادىي ئايلىنىش-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلىغان.

لېكىن، يۇقىرىقىلار يەنىلا غەرب مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ
شەرق مەدەنىيىتى بىلەن بولغان پەرقىنى قانائەتلىنەرلىك
جاۋابلار بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە
غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قانداقلىقى ئەمەس، بەلكى غەرب مەدەنىيە-
تىنى چۈشىنىش ئۈچۈن زادى قايسى دەۋردىن قول سېلىش ۋە
قايسى خىل مەدەنىيەت تەسىرىگە مۇراجىئەت قىلىشتىن ئىبارەت.
بۇ بىزدىن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەپ تېپىشنى تە-
لەپ قىلىدۇ. گەرچە تارىختىن بېرى غەربتىكى بەزى دۆلەتلەر،
مەسىلەن گرېتسىيە، ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيىلەر شەرق بىلەن مەدە-
نىيەت ئالمىشىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنگ-
لىيە ۋە شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرى شەرقنىڭ تەسىرىدىن نىس-
بىي مۇستەسنا هالدا تەرەققىي قىلغان. هېچبولمىغاندا بۇ تەرەق-
قىيات ياكى بۇ دۆلەتلەرنىڭ شەرققە مۇستەملىكە يۈرۈش ئېلىپ
بېرىشقىچە شۇنداق بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن
كېلىپ چىقىدۇكى، غەرب بولۇپمۇ غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى
ئورتاق ياۋروپا ئېڭى ئارقىسىدا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنى-
سىنى ياراتقان. گەرچە كەڭ مەنىدىكى غەربىي ياۋروپا مەدەنى-
يىتى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر بويىچە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ،
لېكىن شۇ نۇقتا ئېنىقكى، بۇ يەككە مىللىي مەدەنىيەتلەر بىر ـ
بىرىگە تارىختىن بېرى باغلىنىپ كەلگەن. ئۇلارنى ئايرىم مەدە-
نىيەت هادىسىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش شەكسىزكى خاتالىققا
باشلايدۇ.

شۇڭا، غەرب مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ ئىدېئال
ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئۇسۇل مەدەنىيەت يىلتىزىنى تېپىش. دەر-
ۋەقە، بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىز دەل گرېك دەۋرىدىن باشلىنىشى





كېرەك. بىز ئېيتىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى قەدىمكى
گرېك مەدەنىيىتىدۇر. بۇ مەڭگۈ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان
هەقىقەتتۇر. خۇددى ئەنگلىيە پەيلاسوپى بېرتراند رۇسسېل
كۆرسىتىپ ئۆتــكەندەك، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا قەدىمكى
گرېك مەدەنىيىتىنىڭ بىراقلا باش كۆتۈرۈپ جۇش ئۇرۇپ
راۋاجلانغانلىقىدىنمۇ سىرلىق مەدەنىــيەت هادىسىسى بولمىسا
كېرەك. نۇرغۇن ئارخېئولوگلار، تارىخچىلار، ئانــتروپــو-
لوگلار (ئىنسانشۇناسلار) ۋە سوتسىئولوگلار (جەمئىيەتشۇ-
ناسلار) قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى
خىلمۇخىل نۇقتىدىن كۆپ خىل ئامىللارنى باغلاپ چۈشەندۈ-
رۈپ بــاقتى. هەتتا بەزىلەر بۇنى گرېكلاردا تەبىئەتكە بولغان
تــوسۇۋالغۇسىز قىزىقىش ۋە ئۇنى ئىنساننىڭ چۈشىنىش دائىرى-
ســدە ئەقلىي شەكىلدە ئىپادىلەش مىللىي خۇسۇسىيەت ئالاهى-
دىلىكىنى هازىرلىغان، دەپ ئىزاهلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ
خىل مىللىي خاراكتېر باشقا مىللەتلەردە كەم كۆرۈلىدۇ. ۋەها-
لەنكى، بۇ يەنىلا سىر پېتى قېلىۋەردى.

پــەلسەپە ۋە ئىلىم ـ پەننى گرېكلار ئىجاد قىلدى، دې-
سەكــمۇ بولىدۇ. قىســقىغىنا ئىككى ئەسىرلىك ۋاقىت ئىچىدە
گــرېكلار سەنئەت، ئەدەبىيات، ئىلىم ـ پەن ۋە پەلسەپىدە ئالەم-
شۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ نەتىجىلەر غەرب مەدە-
نىيىتــىنىڭ ئومۇمىي ئۆلچىمى بولۇپ قالــدى. ئالــدى بىــلەن
گرېكلارنىڭ هەل قىلىشقا تىرىشقىنى ئۆزگىرىشچان كائىنات ۋە
ئىنساندىن سىرت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان چۈشىنىكسىز ها-
دىسىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدىن بىر ئومۇمىي ئۆلچەمنى تېپىپ
چىقىش بولدى. چۈنكى، ئۆزگىرىشچان هادىسىلەرنى شەرھ-
لەشتىكى نەزەرىيىۋى تايىنىش نۇقتىسى چوقۇم ئۆزگەرمەس بو-
لۇشى كېرەك ئىدى. شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە
مــۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئۇلارنى چۈشەندۈرۈش ئەلۋەتتە قەدىمكى

گرېكلار قوللىنالايدىغان بىردىنبىر ئەقەللىي ئۇسۇل ئىدى. ئاتوم قارىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دەل كۆپ خىل پەرقلىق شەيئىلەرنى ئىزاھلاشتا ۋە چۈشەندۈرۈشتە ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھەل قىلغان مۇھىم نەزەرىيىۋى تايىنىش نۇقتىسى بولدى. شۇڭا، ئاتوم قارىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شەيئىلەرنى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدە چۈشەندۈرۈشنىڭ قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

قەدىمكى گرېكلارنىڭ ماتېماتىكا ۋە لوگىكا جەھەتلەردە بارلىققا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمۇ غەرب ئىلىم - پەننىنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردە گۈللىنىشىگە ئاساس سالغان. ھەتتا ئارىستوتېلنىڭ ئۈچ ھۆكۈملۈك لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى تاكى 19 - ئەسىرگىچە ئىنسانلارنىڭ تۈپكى تەپەككۇرىنىڭ قۇرۇلمىسى دەپ قارىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لوگىكا بىلەن ماتېماتىكا غەربلىكلەرنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە ئىلمىيلىشىشىدە غايەت زور رول ئوينىدى. ئەپلاتوننىڭ «ئوتوپىيە» ئىدىيىسى غەربتە كېيىن بارلىققا كەلگەن سوتسىئولوگلار ۋە سىياسىيونلارنى مۇكەممەل جەمئىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلدى. گەرچە بۇ ئىزدىنىشلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، كىشىلەر «ئوتوپىيە» ئىدىيىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىزدىنىش نىشانى ۋە جەمئىيەت ھەققىدە ئويلىنىشىنىڭ، ئۇنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى قىلدى.

ئىتالىيىدە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى غەربنىڭ گرېك مەدەنىيىتى خارابىلاشقاندىن كېيىنكى قەدىمىي سەلتەنىتىنىڭ يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غەربنىڭ تەرەققىياتى مانا مۇشۇ ھەرىكەت داۋامىدا كۈچلۈك بۇرۇلۇش ياسىدى. گالىلېينىڭ ئەسىرلەر داۋامىدىكى مۇتلەق نوپۇزلۇق قاراش — «يەر مەركەز





تەلىماتى» نى ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «قۇياش مەركەز تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويۇشى (ئەمەلىيەتتە بەزى قەدىمكى گرېك ئاسترونوملىرى ۋە پەيلاسوپلىرى بۇ كۆز قاراشنى ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولمىغانىدى.) ئىنسانلارنىڭ «ئالەمنىڭ گۈلتاجى» بولۇشىدەك چۈشىنىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. لېكىن كىشىلەر مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يېتىشكە باشلىدى: ئىنسانلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان تۈپكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىدىيىسىدىن كۆرە، ئىنسانىيەتنىڭ توختاۋسىز ھەرىكىتى. چۈنكى، ئىنساننىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسى جەريان كاتېگورىيىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تېلېسكوپنىڭ ئىجاد قىلىنىشى غەربلىكلەرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان يەر شارى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەتتى ۋە ئىلمىيلەشتۈردى. غەربلىكلەر قەدىمدىن بېرىقى يەر شارىغا باغلىنىپ قېلىشتىن قۇتۇلۇپ، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ يىراق بوشلۇققا تىكىشكە باشلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي بوشلۇق تەسەۋۋۇرى يەر شارىغىلا باغلىنىپ قېلىشتىن قۇتۇلۇپ، كائىنات چۈشەنچىسىنى ئېلىشقا باشلىدى. كومپاسنىڭ دېڭىز سەپىرىدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى ئۇلارنى ياۋروپادىن ئىبارەت قەدىمىي قورۇقلۇقتىن ئۇلارنى نامەلۇم بولغان تېخىمۇ يىراق جايلارنى كۆرۈش ۋە يەر شارىنىڭ ئومۇمىي بوشلۇق چۈشەنچىسىگە ئىگە بولۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى، شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، دەل تېلېسكوپ بىلەن كومپاس غەربلىكلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى مىسلىسىز كېڭەيتكەن چاغ، شەرقنىڭ پۈتۈنلەي چۈشكۈنلەشكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى يىپەك يولى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىرلىق تەرزدە تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىشقا باشلىدى.

غەربىنىڭ 16 ـ ئەسىردىكى ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتـ
لىرى ياۋروپادا ئەقىلچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ بارلىققا كېلىـ
شىگە تۈرتكە بولدى. رېنې دېكارت دەل ئاشۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر
ۋەكىلى. رېنې دېكارتنىڭ پەلسەپىۋى ھۆكمى بولمىش:
«ئويلايمەن، شۇڭا مەن مەۋجۇت» ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىر ئى-
دېئولوگىيىسىنىڭ ئاخىرلىشىپ، ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىر-
گەنلىكىنىڭ نىشانى بولۇپ قالدى. دېكارتنىڭ بۇ ھۆكمىدە ئۇ-
نىڭ «ئالۋاستىلار» نىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا تولغان ئېنىقسىز دۇنيادا
ئىنسانلارنىڭ ماتېماتىكىلىق ھەقىقەتلەردە ئەكس ئەتكەن ئېنىقـ
لىققا بولغان ئىنتىلىشى ۋە تىرىشچانلىقلىرى ئىپادىلەنگەن. رېنې
دېكارتتىن باشلانغان ئىلىم ـ پەن ئىدىيىسىنىڭ قويۇق ئەقلىي
ئالاھىدىلىكتە بولۇش تەشەببۇسى غەرب ئىلىم ـ پېنىنىڭ يول
كۆرسەتكۈچىسى بولۇپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئارىستوتېلدىن باشلانغان تەبىئەتـ
نىڭ مەقسەتدارلىقى قارىشى①تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا سازاۋەر
بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ كۆزقاراش تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ
ئەقلىي قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بو-
لۇپ، كىشىلەرنى تەبىئەتنىڭ ئۇنىۋېرسال قانۇنىيەتلىرىنى ئې-
پىپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەردە
تەبىئەتتىكى ھادىسىلەرنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدە
بىر ـ بىرىگە باغلانغانلىقىدەك پاكىتقا قارىتا ھېچقانداق چۈشەنچە
ھازىرلانمىغان بولسا، تەبىئەت دۇنياسى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قالاي-

① تەبىئەتتىكى ھەربىر شەيئى سەۋەب ـ نەتىجە زەنجىرى بىلەن باشقا شەيـ
ئىلەرگە باغلانغان. سەۋەب بار يەردە چوقۇم نەتىجە بولىدۇ، مەلۇم سەۋەب مۇ-
قەررەر ھالدا ئۆزىگە مۇناسىپ مەلۇم نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. تەبىئەتتىكى
ھەممە شەيئى مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، دېگەن قاراش كۆزدە تۇتۇ-
لىدۇ. كېيىن گېرمانىيىنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى ئىممانۇئېل كانت بۇ كۆزقاراشنى
تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇرغان.





مىقان ۋە رىتىمسىز ھەرىكەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان غايەت
زور جىسىمغىلا ئوخشاپ قالاتتى، خالاس.

نيۇتوننىڭ ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتى ئاسـ
مان جىسىملىرى ھەرىكىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ۋە مەڭگۈلۈك سەـ
ۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بايقىلىشى بولدى.
نيۇتون يۈكسەك ئەقلىي ماھارەت بىلەن ئاسترونومىيە بىلەن فىـ
زىكىنى بىرلەشتۈردى ۋە ئۇنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى: بۇ يەردە
ئوخشاش ئۇنىۋېرسال تەڭلىك ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتى
بىلەن يەر شارىدىكى جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە
ئالاتتى. ئىنسانلار شۇنىڭدىن باشلاپ، نەزەر دائىرىسىنىڭ يەر
شارىغىلا باغلىنىپ قېلىشىدىن قۇتۇلۇپ، خۇددى قەدىمكى گ-
رېك مۇتەپەككۇرى ئارخېمىد ئېيتقان ئالەم بوشلۇقىدا تۇرۇپ،
يەر شارىنى كۆزىتىشتىن ئىبارەت يېڭى پايدىلىنىش سىستېمىسىغا
ۋە تۇرۇش پەللىسىگە ئېرىشتى. ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قا-
نۇنىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەدبىقلىنىشى كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ يا-
شاش بوشلۇقى ھەققىدە مۆلچەرلىگۈسىز ئېنىقلىق تۇيغۇسى بى-
لەن تەمىن ئەتتى. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەك-
كى، 20 ـ ئەسىردە ئاسترونومىيە بىلەن ئالەم فىزىكىسىنىڭ تە-
رەققىياتى قۇياشنىڭمۇ مەركەز ئەمەسلىكىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا
ئىسپاتلىدى. دېمەك چەكسىز كەتكەن كائىناتتا ئالەمنىڭ مەر-
كەزنى تېپىش ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىنى ئېنىقلىقى بىلەن بىلىش
تېخىمۇ مۈشكۈل ئىدى. ۋەھالەنكى، ئىنسانلار مەركەز ۋە دائى-
رىدىن ئىبارەت ئەقلىي قۇرۇلما ئارقىلىق ئۆزى ياشاۋاتقان چەك-
سىز كائىنات ھەققىدە ئېنىقلىققا ئېرىشىشكە موھتاج.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ماتېماتىكا ھازىرقى
زاماندىكى ئاۋانگارت پەن بولۇپ قالدى. بۇ ئەلۋەتتە ئەپلاتوننىڭ
قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، ماتېماتىكا
پەقەت پەلسەپىنىڭ ئارقىسىدىلا تۇرىدىغان «ئىسىلزادە» پەن.

ئەپلاتونغا نىسبەتەن ، « ئىدىيە » چۈشەنچىسى بىلەن تونۇشماي
تـۇرۇپ ، ماتېماتىكىنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ . ① مەسـ
لەن ، « بىر » ئەپلاتوننىڭ نەزەرىدە « ئىدىيە » ھالىتىدىكى سان
بولۇپ ، بۇ « ئىدىيە » بىزنىڭ تەجرىبە دۇنيايىمىزدىن پۈتۈنلەي
پەرقلىق ھالدا مەڭگۈ ، ئۆزگەرمەس ، مۇكەممەل ، ساپ ، مۇستە-
قـىل ۋە ئەقلىي ھالەتتە مەۋجۇت . « بىر » تەجرىبە دۇنيايىمىزغا
قاتناشقاندىلا ، مەلۇم ماكانغا ۋە زامانغا ئىگە بولالايدۇ . مەسـ
لـەن ، بىر ئادەم ، بىر نان ، ۋەھاكازالار . « ئىدىيە » ھالىتىدىكى
چەمبەر بىلەن سەزگۈ ئەزالىرىمىزنىڭ ئوبيېكتى سۈپىتىدىكى
چـەمبەرلەرنىڭ ( يۇملاق تەخسە ) ئاسمان ـ زېمىن پەرقى بار .
شۇڭلاشقا ، ماتېماتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى سۈپىتىدىكى
چـەمـبەر سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئۇچراشقان چەمبەرلەرسىزمۇ مەۋ-
جـۇت بولۇپ تۇرالايدۇ . بۇنىڭدىن شۇنداق لوگىكىلىق خۇلاسە
كـېلىپ چىقىدۇكى ، ئىنسان بىلىمىنىڭ ئوبيېكتى ئەقىل يېتەكـ
چـىلىكىدىكى « ئىدىيە » بولۇپ ، بۇ ھەرگىزمۇ سەزگۈ رېئاللىـ
قىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ . دېمەك ، ئەپلاتونچە « ئىدىيە » ئالىمى

---

① ئەپلاتوننىڭ « ئىدىيە » چۈشەنچىسى ئۇنىڭ پەلسەپىنى چۈشىنىشتىكى
ھالقىلىق ئامىلدۇر . چۈنكى « ئىدىيە » چۈشەنچىسى بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ ،
غەرب مەدەنىيىتىنى جۈملىدىن غەرب پەلسەپىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ . لوگىكا
نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئالاھىدە ئوبيېكتلار بىلەن ئۇلارنىڭ نامىنى ئاتاشتا
قوللىنىلىدىغان تۈردەش ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدا پەرق بار . شۇڭلاشقا ، تۈردەش ئۇقۇم
« ئات » ئۇ ئاتنى ياكى بۇ ئاتنى كۆرسەتمەستىن ، بەلكى ھەرقانداق ئاتنى
كۆرسىتىدۇ . تۈردەش ئۇقۇم « ئات » ماكاندىمۇ ، زاماندىمۇ مەۋجۇت ئەمەس ،
بەلكى ئۇ مەڭگۈلۈكتۇر . مېتافىزىكا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بۇ نەزەرىيە مە-
لۇم ياكى باشقا بىر جايدا « ئىدېئال » ئاتنىڭ مەۋجۇتـلۇقـىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ
« ئات » ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بىردىنبىر ۋە ئۆزگەرمەستۇر . ئالاھىدە
ياكى تەجرىبىدىكى ئات شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتكى ، ئۇ مانا مۇشۇ « ئىدېئال » ئاتقا
تەۋە .



تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە

بـىلەن سەزگۈ ئالىمى بىر ـ بىرىدىن تامامەن ئايرىلغان ھالدا
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ .

مـاتېماتىكا ئىنسانلار ھازىرقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويـ
غاندىن تارتىپ ، ئۆز مەزمۇنىنى ئىنساننىڭ كۆزى ۋە قەلبىدە
كۈنسېرى كېڭىيىۋاتقان ئالەمـنىڭ سانـلىق مۇناسىۋەتـلىرىگە
لايـىقلاشتۇرۇپلا قالماستىن ، بەلكى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكى ، ئىنـ
سـان مېڭىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى پەنگە ئايلاندى .
مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئىنسانلار ئۆز مېڭىسىدىكى مىقدارلىق ۋە رېـ
ئاللىقتىكى مىقدارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئەڭ زور مۇمكىنچىلىكتە
ئۇچراشتۇردى .

غەربتىكى يەنە بىر مۇھىم ئىلىم ـ پەن مۆجىزىسى سۈپەـ
تىدە ۋاتنىڭ ئىجادىيىتىدىكى پار ماشىنىسىنى تىلغا ئېلىش مۇمـ
كـىن . ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ، ئىنسانلارنىڭ ئېنېرگىيە چۈ-
شەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى . گەرچە پار ئۇقۇمى قەدىمدىن
تـارتـىپ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، دەل
ۋات ئۇنىڭ بىر جەريانىنى ـ ھەرىكەت ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈ-
رەلەيدىغانلىقىنى بايقىدى . دېمەك ، ئېنېرگىيە بىلەن ھەرىكەت
ئۇقۇملىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماس فىزىكىلىق ئاتالغۇلاردىن
بولۇپ قالدى . ۋاتنىڭ بايقىشى غەربنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۇنـ
ۋېـرسال تەرەققىياتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى . سانا-
ئەت ئىنقىلابى غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىياتنىڭ
پەرقىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى . غەربلىكلەر ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق
ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتى ۋە ئۆلچىمىنى جىددىي ئۆزگەر-
تىۋاتقان ، ياخشىلاۋاتقان دەۋردە شەرق تېخىچىلا ئوتتۇرا ئە-
سـىرچە ئىگىلىك ھالىتىدە ئىدى . كىشىلەر شۇنى ئاسان بايـ
قىۋالالايدۇكى ، سانائەت ئىنقىلابىدىن باشلانغان غەرب ۋە
شـەرقنىڭ تېخنىكا ۋە ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى جەھەتتىكى
پەرقى تاكى ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا .

سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى چاقماق تېزلىكىدىكى تەرەققىيات بەلكىم ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك : پويىز ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ماكان قارىشىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى . غەربلىكلەر ئالدى بىلەن ماكان جەھەتتە ھېچقانداق سېھرىيلىكى قالمىغان ۋە پۈتۈنلەي مېخانىكىلاشقان دەۋرنى كۈتۈۋالدى . دېمەك ، تارىخ شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى ، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىياتى پۈتۈنلەي ھەرىكەت ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىققان .

غەربنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن « تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى » دە دارۋىن تۆۋەن دەرىجىلىك جانلىقلارنىڭ قانداق قىلىپ — قانداق « ھەرىكەتلەر » ئارقىلىق ( بۇ ئەلۋەتتە ماسلىشىش ، ئېلىشىش ، شاللىنىش جەريانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) يۇقىرى دەرىجىلىك جانلىقلارغا تەرەققىي قىلالايدىغانلىقى ياكى ئۆز تۈرىنى قانداق ساقلاپ قالالايدىغانلىقىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ بەردى . ئەمەلىيەتتە ، دارۋىننىڭ بۇ بايقىشى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەم مەركەزچىلىكى قارىشىغا ئەجەللىك زەربە بولدى . دارۋىننىڭ « تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى » نىڭ كېيىنكى قىزىقارلىق راۋاجى ئۇنىڭ باشقا پەنلەرگە جۈملىدىن سوتسىئولوگىيە پېنىگە تەدبىقلىنىشى بولدى . بەزىلەر دارۋىننىڭ تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە كۈچلۈكلەرنىڭ — ئۆز ياشاش مۇھىتىغا ماسلىشالىغانلىرىنىڭ — ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىدەك تەبىئەت تەرەققىيات تەلىماتىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات مۇساپىسىگە ۋە ئەھۋالىغا تەدبىق قىلىپ باقتى . « ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى » نامى يېڭى نەزەرىيە سىستېمىسى غەرب ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئۈمىدلىك پەن بولۇپ قالدى . بۇنىڭدىن مۇھىم بىر ئۆرنەك شۇكى ، بەزى سوتسىئولوگلار ياۋروپانىڭ قانداق قىلىپ ئوتتۇرا ئەسىردىكى





قالاق ھالەتتىن تەرەققىي قىلغان ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى دەل مۇشۇ تەلىمات بويىچە چۈشەندۈردى .

ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، ياۋروپا گەرچە كەڭ مەنىدىن ئالغاندا ، نىسبىي ئورتاق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولسىمۇ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنىلا مىللىي خاراكتېر ، ئۆرپ - ئادەت ، مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ، تىل ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا نۇرغۇن پەرقلەر ساقلانغان . ياۋروپادىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي قۇرۇقلۇق دەل مۇشۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىق مەدەنىيەت تىپلىرىنى ئومۇمىي ياۋروپا ئېگى ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا زېمىن بولۇپ بەرگەن . بۇ تەلىماتنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى بولغان مارتىن مۇررزىنىڭ قارىشىچە ، دەل مەدەنىيەتنىڭ نىسبىي بىر پۈتۈنلۈكى بىلەن كۆپ خىل مەدەنىيەت تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان زىددىيەت ، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قالغان . مارتىن موررزىنىڭ قارىشى بىزگە 20 - ئەسىردىكى ئامېرىكا پەيلاسوپى خانناخ ئارېندتىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ : « ئىنسانلار بىر - بىرىگە باغلانغان ، لېكىن ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ ، بۇ خۇددى شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ ، ئۇلار بىر - بىرىدىن پەرقلىق ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇلار بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلەشكەن ھالدا ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان . » ①

مارتىن موررزىنىڭ قارىشىچە ، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە قوشنا بولۇپ ئارىلى-

---

① خانناخ ئارېندت : « ئىنسان ئەھۋالى » ( ئىنگلىزچە ) ، چىكاگو ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى ، 1998 - يىل ، 2 - نەشرى ، 21 - بەت .

شىپ تۇرۇش ھالىتىدۇر. قوشنىدارلىق مۇناسىۋەت ئەكس ئەتتۈرگەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتى تارىختا دوستانىلىقتىن كۆرە، كۆپىنچە ھاللاردا ئاسانلا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدىن كېلىپ چىققان سىياسىي تەڭپۇڭسىزلىق، سۈركىلىش، جىددىيلىك ۋە ھەتتاكى ئۇرۇش ياۋروپادىكى چوڭ ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەردىن تارتىپ، كىچىك ۋە ئاجىز دۆلەتلەرگىچە ھەممىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە سەزگۈرچانلىق بىلەن ياشاشقا ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان. نەتىجىدە، ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆزى ياشاۋاتقان رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كىلىماتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ۋۇجۇدىدىكى پۈتكۈل «ئېنېرگىيە» نى سەرپ قىلغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ياشاش ۋە ھايات قېلىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي ھاياتلىق نىشانى ۋە ئارزۇسى ئۈچۈن تىرىشقان. بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەقدىرلىرىنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىشى ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە مىللەتلىرىدە تەبىئىي يوسۇندا تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان رىقابەت ئېڭىنى يېتىلدۈرگەن. قوشۇۋېلىش ۋە ئايرىلىپ كېتىش بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ ئاساسلىق سىياسىي پائالىيىتى بولۇپ قالغان.

ئەلۋەتتە دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ئۇلاردىكى جىددىيلىشىش ھالىتىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى كۈچلۈك تەۋەككۈلچىلىك روھىغا تويۇندۇرغان. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ نەزەرى «ئېچىلمىغان» يىراق قۇرۇقلۇققا تىكىلگەن. ھاياتنىڭ شاللاش خەۋپىنىڭ نېمىلىكىنى ۋە سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك سەزگۈرچانلىقنى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە بايلىقنىڭ بۆلۈنۈشىدىن يەتكۈچە ساۋاق ئالغان ياۋروپالىقلار ئارقا - ئارقىدىن «مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغاق» ئەللەرنى مۇستەملىكە قىلىشقا ئاتلانغان.

ھەرقانداق شانلىق مەدەنىيەت ياكى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەربىر ئىلگىرىلەش بىر كېچىدىلا بارلىققا كەلگەن ئەمەس. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەربىر ئىلگىرىلەش ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانلاردىكى ئاۋۋالقى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ، ئادەتلەنگەن تۇرمۇش شەكلىنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ بۇزۇلۇشىنى بەدەل قىلغان. خۇددى ئامېرىكىنىڭ دېموكراتلىشىش تارىخىغا قارا تەنلىكلەرنىڭ، ئىندىئانلارنىڭ، ئىرلاندىيىلىكلەرنىڭ قان - ياشلىرى سىڭىپ كەتكەندەك، «كۈن پاتماس ئىمپېرىيە» — بۈيۈك برىتانىيە ۋە شىمالىي ئىرلاندىيىنىڭ ئىمپېرىيە مۇنارىنىڭ ھەربىر خىشى بۇ ئىمپېرىيىنىڭ قەدىمى يەتكەن رايونلارنىڭ — ياۋروپادىن تارتىپ تاكى جەنۇبىي ئافرىقا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېللاندىيە، يامايكا، ھىندىستان ۋە شىمالىي ئامېرىكىغىچە — دەپسەندە قىلىنغان تۇپرىقىنى ئەسلىتىدۇ.

ياۋروپانىڭ سىياسىي جەھەتتىكى جىددىي ۋەزىيىتى ئەڭ ئاخىر 1 - ۋە 2 - دۇنيا ئۇرۇشلىرىدا ئۆزىدىكى پۈتكۈل تارىخىي ۋە رېئال مەسىلىلەرنى ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىشىش، ئەسەبىيلىشىش ۋە «مەدەنىيەت ياۋايىلىقى» نى تولۇق ئاشكارىلىدى. ياۋروپالىقلار شۇنى چۈشىنىپ يەتتىكى، ياۋروپانىڭ سەلتەنىتى ئارقىسىغا ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان پاجىئە يوشۇرۇنغان. ئىنتايىن سېزىمچان قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بىر تەرەپلىمە ھالدا كۈچەيتىۋەتكەن مىللىي پەخىرلىنىش ھېسسىياتى نۇرغۇن ياۋروپالىقلارنى جۈملىدىن نېمىسلارنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەڭ ئەسەبىي ھالەتكە ئېلىپ باردى. گەرچە ياۋروپالىقلارنىڭ مىللىي پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا ئۇلارنىڭ يەھۇدىي دىنى بىلەن ئۇچرىشىشى سەۋەب بولغان بولسىمۇ، دەل يەھۇدىيلار مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن نېمىسلاردىكى «ئالىي ئىرقچىلىق» ئەسەبىيلىكىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. ئەزەلدىن سوغۇق قان ۋە ئەقلىي تەپەككۇرغا مايىل مىللەت دەپ قارىلىپ كېلىنگەن نېمىسلارنىڭ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا

ئىككى قولى قىپقىزىل قان بىلەن بويالغان « ياۋايى قاتىللار » غا ئايلىنىشى كىشىلەردە نۇرغۇن سوئاللارنى پەيدا قىلدى : رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ غۇلىشىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىمپېرىيە چۈشى مەدەنىيەت كېسەللىكىمۇ ياكى ئۇنىڭ ياتلاشقان ھاسىلاتىمۇ ؟ كوللېكتىپ ئەسەبىيلىكنىڭ قۇترىتىش كۈچى ئاشۇ سوغۇق قان ئاتالغان نېمىسلارلى شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئازدۇرۇۋېتىشى مۇمكىنمۇ ؟ ئىمپېرىيە چۈشى گۇناھسىزلارنىڭ قېنى بەدىلىگە ۋۇجۇتقا چىقامدۇ ؟ ئەجەبا ، ئىمپېرىيە ئىنسان تارىخىدىكى ئەڭ « مۇنەۋۋەر » خەلقنىڭ ئەڭ مۇكەممەل سىياسىي گەۋدىسى بولۇشى كېرەكمۇ ؟

نۆۋەتتە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن يېڭى ناتسىستچىلارنىڭ غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى — ئاۋسترىيە ، دانىيە ، گېرمانىيە ، بېلگىيە ۋە شۋېتسىيە قاتارلىقلار — پائالىيەتلىرى بۇ دۆلەت خەلقلىرى ۋە پۈتۈن ياۋروپالىقلارنى ئەندىشىگە سالماقتا ، ياۋروپانى جۈملىدىن غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە بارغان ئادەم يېڭى ناتسىستلارنىڭ شوئارلىرىنى ۋە بۇنىڭغا قارشى يېزىلغان شوئارلارنى ، شۇنداقلا پات - پات بۇ ھەقتە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان كۆلىمى كىچىك نامايىشلارنى ئۇچرىتالايدۇ . يېڭى ناتسىزم بۇ دۆلەتلەردە بەزى چاغلاردا چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىك شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ . بىر ساۋاقدىشىم چاقچاق قىلىپ :

— بېشىنى پاكىز قىردۇرۇۋەتكەنلەردىن ھەزەر ئەيلەڭلار ، چۈنكى ئۇلار يېڭى ناتسىستچىلار ياكى چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلەر بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش شەكلى ، — دېگەنىدى .

دېمىسمۇ ، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى بەزى پارتىيەلەرنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلەرگە ھېسداشلىق قىلىشى ، ئۇلارنى ئاستىرتتىن قوللىشى ۋە ھەتتا بۇ خىلدىكى ئىدىيەلەرنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي





نىشانىغا ئايلاندۇرۇشى بۇ دۆلەت خەلقلىرىگە خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن ، بۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان كۆچمەنلەرگە يېڭى بېسىم ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز پەيدا قىلماقتا . كۆچمەنلەرنى يەكلەش دولقۇنىنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ . كۆچمەنلىك ياۋروپانىڭ نۆۋەتتىكى ئىشسىزلىق نىسبىتى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنىڭ مەنبەسى دەپ قارالماقتا . بۇ بىزگە 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى گىتلېرنىڭ نېمىسلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشتە يەھۇدىيلارنىڭ گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى سىياسىي كوزىر قىلغانلىقىغا ئاز - تولا ئوخشىشىپ كېتىدۇ . شۇنداقتىمۇ ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەر يەنىلا بۇ سېھرىي كۈچكە باي قۇرۇقلۇققا تۈرلۈك - تۈمەن ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن تۈركۈملەپ قەدەم باسماقتا .

نۆۋەتتە ، ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشى ئەڭ ئالدى بىلەن غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭىلىق ئەكەلدىغاندەك ئىدى : ئۇلار تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنى « ياۋروپا » دېگەن ئورتاق غايىنىڭ ئاستىدا كۆردى . بۇ ھەقتە بىر پروفېسسورنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى يادىمدا :

— دەل كارل ماركس ئېيتقان ئىقتىسادىي ئاساسنىڭ ئۈستقۇرۇلما بىرلىكى ھازىر ياۋروپادا يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى . كىشىلەر بىر گەۋدىلەشكەن ئىقتىسادىي بىرلىكنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەتلەرنى ۋە مەدەنىيەتلەرنى قانداق قىلىپ بىر گەۋدىلەشتۈرىدىغانلىقىغا يېقىندىن دىققەت قىلماقتا .

شېنگېن شەرتنامىسىگە ئەزا ئون غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى چېگرىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئېچىۋېتىلىشى كىشىلەرگە دۆلەت ، چېگرا ، تارىختىكى ئۆچ - ئاداۋەتلەردىن ھالقىغان ياۋروپانىڭ يېڭى ئوبرازىنى بەردى . شۇنىسى ، چېگرىلارنىڭ بىر - بىرىگە ئېچىۋېتىلىشى بۇ دۆلەتلەردىكى ياۋروپالىقلارنىڭ كەڭ

كۆلەمدە كۆچۈشىنى بارلىققا كەلتۈرمەيتتى ياكى كەلتۈرمىدى . قارىغاندا ، بۇنداق ئىمكانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈيەتسىزدەك قىلاتتى . چۈنكى ئورتاق ياشاش بوشلۇقىدا كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھازىرقى مەنىدىن ۋە ئەھمىيەتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، كۆڭۈلدىكىدەك ھالەت ئىدى . ئەگەر ياۋروپادا يېقىن كەلگۈسىدە ئىقتىسادىي ، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى فېدېراتىك سىياسىي تۈزۈلمە ۋە گەۋدە مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن دېيىلسە ، بۇ ھەرگىزمۇ كۆپ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ يەككە ياۋروپا مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپلىگەن ياۋروپالىقلار مەدەنىيەتنىڭ ۋە سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ سۈنئىي بىر گەۋدىلىشىشىنى قوللاپ كەتمەيتتى . بۇنىڭدىكى مەركىزىي ئامىل شۇكى ، ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ئالدى بىلەن مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى ئەمەس ، بەلكى مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقىنى ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان . نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر نەچچە يىلدىلا ئۆز ئالاھىدىكىنى يوقىتىپ ، ئاتالمىش « ئاساسىي ئېقىم » مەدەنىيىتىگە قوشۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس .

لېكىن ، بۇ يەردىكى مۇنداق بىر ئىلمىي يۈزلىنىش دىققىتىمىزنى تارتماي قالمايدۇ : كۆپلىگەن ياۋروپالىق سىياسىيونلار ، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە مەدەنىيەتشۇناسلار ياۋروپا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى تار دائىرىدىكى رايون دائىرىسىدىن ئەمەس ، بەلكى ياۋروپانى بىرلىك قىلغان ھالدا ئويلاشقا ۋە ھەل قىلىشقا باشلىدى . ۋەھالەنكى ، ئاددىي خەلق ھازىر بۇ يۈزلىنىشنىڭ تەرەققىياتىنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتىدۇ ، خالاس . بۇ غايىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ھەر قانداق جەريان ئالدىدا بېكىتىلگەن





قىياسىنى رەت قىلىدۇ . تارىخ ئىنسانلار ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ، تارىخ بۇ مەسىلىگە ئەڭ ئاخىرىدا باھا بەرگۈچى .

مەن بېلگىيىگە دەسلەپ كەلگىنىمدە ، بازارلاردا ۋە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىقتىسادىي مۇئامىلىلىرىدە قايسى خىل پۇلنىڭ — بېلگىيە فرانكى ياكى يېۋرو ( ياۋروپا پۇل بىرلىكى ) — ئوبوروت قىلىنىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم . بېلگىيىدە مۇتلەق كۆپ قىسىم تاۋارلارغا مۇشۇ ئىككى خىل پۇل بىرلىكىنىڭ بىر - بىرىگە سۇندۇرۇلۇشى بويىچە باھا چاپلىناتتى . لېكىن ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر يەنىلا بېلگىيە فرانكىنى ئىشلىتەتتى ، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى ، يېۋرونىڭ سىناق مەزگىلىدىن ئۆتۈپ ، ياۋروپا ئورتاق پۇل بىرلىكىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن خېلى مەزگىل كېتەتتى . بۇ ھەرگىزمۇ بېلگىيە فرانكى ، فرانسىيە فرانكى ۋە گېرمانىيە ماركىدىن بىراقلا يېۋروغا ئۆتۈشتەك ئاددىي جەريان ئەمەس . ئەكسىچە ، بۇ يۈزلىنىش ياۋروپالىقلاردىن تولۇق ئېتىراپ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ . مىللەتچىلىك خاھىشى كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان بۈگۈنكى ياۋروپادا پۇل بىرلىكى ئورتاقلىقىنىڭ پىسخىكا ، ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەت ئېڭى ئورتاقلىقىنى شەكىللەندۈرۈشى خېلىلا تەسكە چۈشىدۇ . ئاۋسترىيە ۋە بېلگىيىدەك كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ياۋروپا بىرلىكىنى قوللىشى بىلەن ئەنگلىيىدەك تەسىر دائىرىسى چوڭ دۆلەتنىڭ بۇنىڭغا سوغۇق قان مۇئامىلە قىلىشىدىكى سېلىشتۇرما بىزگە ئىقتىسادىي بىرلىكنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قىيىنلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك .

ئەمدى غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى بىلەن غەرب پەلسەپىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرۈپ باقايلى . چۈنكى ، پەلسەپە غەرب مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان تەسىرلەرنى كۆرسەتكەندىن تاشقىرى ، ھېلىھەم

غەربلىكلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى مۇھىم ئەھمىيەتلىك تېما بولماقتا.

غەربتە پەلسەپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى غەربلىكلەرنىڭ دۇنيا، جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەت ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. پەلسەپە دۇنيا قاراشلا بولماستىن، بەلكى دۇنيانى كۆزىتىش ئۇسۇلىدۇر. غەرب بىلەن شەرقنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن شۇ نەرسە ئايانكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قاچانكى شەرقتە پەلسەپىۋى ئىزدىنىش ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەر پەسكويىغا چۈشكەن دەۋر، دەل غەرب پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ، پەلسەپە باشقا نۇرغۇن پەنلەرگە نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پەلسەپىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ھاياتلىقنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى چىقىش قىلغانىدى. پەلسەپىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان تۈۋەندىكى سوئاللىرى قارىشىمىزنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر: **ئىرادە ئەركىنمۇ؟ خۇدا مەۋجۇتمۇ؟ روھ راستىنلا ئەبەدىيمۇ؟ ئەخلاقىي ھايات دېگەن نېمە؟ ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئازابقا ئۇچراش مەۋجۇت؟** ۋەھاكازالار.

بېلگىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇنداق ئورتاق پرىنسىپى ئومۇميۈزلۈك ئىدى: ئالىي مەكتەپكە يېڭى كىرگەن ئوقۇغۇچىلار چوقۇم پەلسەپىدىن ساۋات خاراكتېرلىك بىلىم ئېلىشى شەرت. بۇ ئوقۇغۇچىلار قەدىمكى گرېك پەلسەپىسىدىن تارتىپ تاكى 20 ـ ئەسىر پەلسەپىسىگىچە ـــ ئەپلاتوندىن تارتىپ كارل پوپپېرگىچە ـــ تونۇشۇپ چىقاتتى. ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان پەلسەپە بۇ ئوقۇغۇچىلارغا دۇنيانى، جەمئىيەتنى ۋە ئادەمنى قانداق كۆزىتىشنى ۋە ئۇلار ھەققىدە قانداق ئويلىنىشنى ئۆگىتەتتى. بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق پەلسەپە ئېقىملىرى ۋە ئىدىيىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى





ئۇلارنى ئىنسان ئەھۋالى ۋە ھاياتلىقنىڭ مەنىسى ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك بىلىم بېرەتتى. بۇ يەردىكى مۇھىم ئامىل پەلسەپە تارىخىنىڭ يۈزە ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلۈشى بولمىسا كېرەك. بەلكى مەن بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىپ پەلسەپىدىن «يۇقۇملىنىۋاتقانلىقىنى» ـــ ئاستا ـ ئاستا «پەلسەپىۋىلەشتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى» كۆردۈم.

ئەلۋەتتە، ئوقۇغۇچىلارغا پەلسەپە بىلەن تونۇشۇش زۆرۈرلۈكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئامىل يەنىلا ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە. گەرچە ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى بىلەن قەدىمكى زامان ئىنسانلىرىنىڭ ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇش شەكلىدە ئاسمان ـ زېمىن پەرق بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت يۈزلەنگەن ئاداققى مەسىلىلەر يەنىلا ئوخشاش بولۇپ كەلمەكتە. قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسى ۋە چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈشىدىكى ھەربىي سەلتەنەتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان قىرغىنچىلىقلار 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە توختاپ قالغىنى يوق. ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم ياشاش ھوقۇقى ۋە ھالىتى بولغان بەختكە ئىنتىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن ئايانماسلىق ئۆز نۆۋىتىدە پەلسەپىنىڭمۇ مۇھىم، شۇنداقلا مەركەزلىك تەتقىقات تېمىسى بولۇپ كەلدى. پەلسەپە گەرچە بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە ئابستراكت نەزەرىيىلەرنىڭ يىغىندىسى، تۇرمۇشتىن ئايرىلغان «پىل چىشى مۇنارى» دەك كۆرۈنگىنى بىلەن پەيلاسوپلار بولۇپمۇ ھەقىقىي پەيلاسوپلار ئىنساننىڭ ھالىتى، تەقدىرى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز ئويلىنىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاداققى نىشانى قىلىپ كەلدى. بىز غەرب پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، پەلسەپىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئىنچىكە ئۆزگىرىشلىرىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ مېڭىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ زېھنىنى ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ جەمئىيەتنى ئاكتىپ ئۆزگەرتىشتىكى قورالغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك ، پەلسەپە ئىنسانىيەت تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان . ئىنسانلار ئاي شارىغا ۋە ھەتتاكى تېخىمۇ يىراق پلانېتلارغا ئۇچۇشقا ھازىرلىنىۋاتقاندا ، خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان قەدىمكى مىسىردىكى ئاچارچىلىق ھېلىھەم دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا مەۋجۇت . نامراتلىق ۋە ۋەھىم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن يوقالغىنى يوق . ھازىرنىڭ ئۆزىدە نامرات ۋە سەرگەردان بىر بالىنىڭ خۇداغا قىلغان ئىلتىجاسى بىلەن بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئاۋۋالقى بىر بالىنىڭ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ ، كۆككە قاراپ نالە قىلغانلىقى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق . چۈنكى ، بۇ كۆرۈنۈشنى بىز كەلگۈسىدىمۇ كۆرىمىز ۋە ئەسلەيمىز .

غەرب مەدەنىيىتى ھازىر گەرچە تارىختىكى ماددىي بايلىقلارنىڭ ۋە مەئىشەتنىڭ ئەڭ قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە ھازىرلانغانلىقىدەك ئەۋزەل ماددىي پاراۋانلىقتا ياشاۋاتقىنى بىلەن غېرىبانىلىق ، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ، ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە . مانا بۇلار نېمە ئۈچۈن بەزى غەربلىك زىيالىيلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەتكە قايتىدىن قىزىقىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى . چۈنكى ، ئىپتىدائىي مەدەنىيەتتە ياكى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا بۈگۈنكى زاماندىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەردە كەم كۆرۈلىدىغان ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ۋە ئادەم بىلەن كائىناتنىڭ مۇقەددەس بىرلىكى مەۋجۇت . بۇ خىلدىكى مەدەنىيەتلەر ئەلۋەتتە ماددىي مەئىشەتكە تويۇنمىغان . ۋەھالەنكى ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس سېھىرىي كۈچى ۋە مەنىۋى بىرلىكى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى تۈپكى تەقدىرى — يەككە - يېگانىلىقىنى ئۇنتۇيدۇ . ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مەيلى دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە ياشايلى ، ياكى قەدىمكە ۋە ياكى بۈگۈنكە





تەۋە بولايلى ، شۇ نەرسە ئېنىقكى ، **ھاياتلىق بىزنىڭ نېمىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىمىز بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىمىزگە تەۋە نەرسىلەردىن قانچىلىك بەھرىلىنىۋاتقانلىقىمىز بىلەن ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ .**

شۇڭلاشقا ، كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ داۋاملىشىش ھالىتىدىكى مەۋجۇتلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئىزدەشكە مەجبۇر ، بۇ ھەم بىزگە پەلسەپىنىڭ نېمە ئۈچۈن قەدىمدىن تارتىپ ئۇنىۋېرسال ھاياتلىق ۋە ئىنسانىيەت تېمىلىرى ئۈستىدە توختاۋسىز ئىزدەنگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ .

دانىيە پەيلاسوپى سورېن كېركېگارد :« پەلسەپىسى بولمىغان مىللەت بىچارە مىللەتتۇر » دېگەنىدى . ئەگەر بىز ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىشىدىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان غەرب دۆلەتلىرىگە قارايدىغان بولساق ، ھەممىسىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى يۈكسىلىشىگە ئۆزىگە خاس مىللىي پەلسەپە ئەنئەنىسىنىڭ ۋە رېئاللىقىنىڭ ياندىشىپ ماڭغانلىقىنى كۆرەلەيمىز . جون لوك بىلەن داۋىد ھيۇمدىن باشلانغان تەجرىبىچىلىك پەلسەپە ئېقىمى ئەنگلىيىدە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم ئاساسلارنى سالغان . چۈنكى ، بارلىق ئىلمىي قىياسلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلۈشىدىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيە ھېلىھەم ئىنسانلارنىڭ بىلىم ئىگىلەش ۋە ئىگىلىگەن بىلىمىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەشتىكى مۇھىم مېتودى بولۇپ كەلمەكتە . گېگېلدا يۈكسىلىش تاپقان گېرمان ئىدېئالىزملىق پەلسەپە ئېقىمى گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان . نىتزىنىڭ « بارلىق قىممەتلەرنى قايتىدىن باھالاش » چاقىرىقى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىكى پاسسىپ ئامىللارغا جەڭ ئېلان قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى گېرمان خەلقىگە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادچانلىقىقا

ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. هالبۇكى، گىتلېر نىتزىنىڭ بەزى ئىدىيىلىرىنى ئۆزىنىڭ «ئەلا ئىرقچىلىق» قارىشىغا دەستەك قىلغان بولسىمۇ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەيران بولغان گېرمانىيە «بارلىق قىممەتلەرنى يېڭىۋاشتىن يارىتىش» تەك تولۇپ ـ تاشقان ئىجادچانلىقى بىلەن خارابىلىك ئارىسىدىن دەس تۇردى. يېڭىدىن گۈللەنگەن قۇرۇقلۇق ئامېرىكىدا ئەنگلىيە تەجرىبىچىلىك ئېقىمىغا باغلانغان، لېكىن ئۇنىڭدىن پەرقلىق بولغان پروگماتىزملىق پەلسەپە ئېقىمى بۈگۈنكى ئامېرىكا ئاممىباب مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم ـ پەن ئىدىيىسىنىڭ ئۇلى بولۇپ قالدى. ئىتالىيە پەيلاسوپى ۋىكونىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە قارىشى ــ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدىكى تەلىمات ئىتالىيانلارنىڭ رىم ئىمپېرىيىسىدىن بۇيان يېتىلدۈرگەن تارىخ ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە بولغان ئالاھىدە سەزگۈرچانلىقى، تەجرىبىسى ۋە كۆزىتىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ماكياۋېل رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە يېتىشسىزلىكلىرىنى ۋاستىلىق يەكۈنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ياۋروپا مىللىي دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا نىشان بەلگىلەپ بەردى. ماكياۋېلىنىڭ سىياسىي ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى شۇكى، ئۇ سىياسىينى ياخشى ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئېتىكىلىق تار رامكىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىنسان ئىرادىسىگە خىزمەت قىلىدىغان ئۇنۇملۇك ۋاستە ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنداقلا، ئەپلاتون باشلىغان سىياسىي ئاڭنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ۋە تەقدىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى. فرانسىيىدە رېنې دېكارتنىڭ تەسىرىدە باشلانغان راسىئونالىزملىق پىكىر ئېقىمىنىڭ تەرەققىياتىدىن تارتىپ تاكى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە گۈللەنگەن مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى فرانسۇزلارنىڭ تارىخىي، رېئال-





لىقى ۋە مىللىي خاراكتېرىدە ئىپادىلەنگەن ئەقلىيلىك بىلەن ھېسسىياتچانلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. شۇڭلاشقا، روسسونىڭ ئەقلىچىلىكنى ئىنكار قىلىپ ھېسسىياتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، بىزنى مەۋجۇدىيەتچىلەرنىڭ ئىنساننىڭ غەيرىي ئەقلىي مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىدىن ھەيران قالدۇرمايدۇ. ھەتتا ياپونىيىمۇ، غەرب پەلسەپە ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنىڭ مىللىي پەلسەپىسىنى ياراتتى. بۇ يەردىكى نېگىزلىك مەسىلە ھەرگىزمۇ ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئوخشاشمىغان پەلسەپە ئەنئەنىسىگە ۋە رېئاللىققا ئىگە بولۇشى ئەمەس، بەلكى پەلسەپە بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ چەمبەرچاس مۇناسىۋىتىدۇر.

ئەلۋەتتە، تەكلىماكانلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بىزدە تارىختىن بېرى پەلسەپە بىلەن جەمئىيەتنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكىنى قىسقىچە ئەسلەپ چىقتىم. ئېنىقكى، بۇ ئەسلەش ئادەمدە نۇرغۇن سوئاللارنى پەيدا قىلاتتى.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇر پەلسەپىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئادەم ھەققىدىكى ساددا خىياللىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىدىن باشلانغان. لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە مۇكەممەللىشىش دەۋرىنى قاراخانىيلار دەۋرىدە كۆردى.

ئەگەر ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنى ئەڭ سىستېمىلاشتۇرغۇچىنى ئېيتىش توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى بىزگە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيە ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ شانلىق تارىخىنى ئەسلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئىدېئولوگىيىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئەھمىيەتلىك خىزمەتنىڭ تەخىرسىزلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇر. قە-

دىمكى گرېك پەلسەپە مەدەنىيىتىنىڭ كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىياغا يېتىپ كېلىشى يىپەك يولىنىڭ ئۇيغۇر مەنىۋى ھاياتىغا ئېلىپ كەلگەن چوڭ خاسىيىتىدۇر. ئەلۋەتتە، قاراخانىيلار مەدەنىيىتى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە بىرلىككە كېلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىدە كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى ئىپادىلىمەي قالمىغان: گرېك – رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىشىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ غەربلىشىشىنىڭ تۇنجى قەدىمى دەپ قاراش خاتا.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي گۈللىنىشى پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر ئىلمىي ساھە سۈپىتىدە قارىلىشىغا ۋە پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇھىتى ياراتقانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىيەتتۇر. لېكىن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە بىرلىككە كېلىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەش بىزنى قايىل قىلالمايدۇ. بىز بۇ يەردىكى قوش تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بىر تەرەپتىن ئالغاندا، « قۇتادغۇبىلىك » تەك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەدەبىيات، ھەربىي ئىشلار، پەلسەپە، پسىخولوگىيە قاتارلىق ئارىلاشما تېمىلارغا چېتىلغان غايەت زور ئىدىيە سىستېمىسى قاراخانىيلارنىڭ يۇقىرىقى مۇناسىپ ساھەلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىلمىي ئىپادىسى ھەم ئوبرازلاشقان شەكلى. لېكىن، بىز باشقا بىر كۆزىتىش نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، قاراخانىيلار خانلىقى بىرلىككە كەلگەن سىياسىي گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن « قۇتادغۇبىلىك » ئىپادە قىلغان « غايىۋى دۆلەت » ئارزۇسىنىڭ تولۇق بولمىغان ھالىتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قاراخانىيلار خان-





لىقى « قۇتادغۇبىلىك » ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن كۆپ خىل ئىدىيىلەرنىڭ مۇكەممەللىشىپ بولمىغان سىياسىي گەۋدىسىدۇر. قوش تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىش بىزنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە رېئاللىقىغا توغرا باھا بېرىشتىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، « قۇتادغۇبىلىك » نى ئۇيغۇر ئىدىيە تارىخىدىكى « پىل چىشى مۇنارى » شەكلىدىكى خام خىيالدىن تەركىب تاپقان يېگانە ئەسەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

چۈنكى، شۇنىسى ئېنىقكى، مۇكەممەل ۋە سىستېمىلاشقان ئىدىيە تارىخىغا ۋە ئەمەلىيىتىگە ئىگە بولمىغان خەلقنىڭ مۇكەممەل ۋە سىستېمىلاشقان ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدە بولۇشى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى تولىمۇ قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇقىرىقىدەك ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولمىغان خەلقنىڭ زىيالىيسىنىڭ « قۇتادغۇبىلىك » تەك ئەسەرنى تەسەۋۋۇر قىلالىشى ۋە قەلەمگە ئالالىشى تېخىمۇ قىيىن. لېكىن، بىزنىڭ يۇقىرىقى پىكرىمىز قاراخانىيلار رېئاللىقى بىلەن « قۇتادغۇبىلىك » تىكى ئىدىيىگە ئۈستىمۇئۈست چۈشىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. « قۇتادغۇبىلىك » يەنىلا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ رېئال ئىنكاسى بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز سىياسىي غايىسىنى بۇ دۆلەتتىن ھالقىتقان. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىسى « ئىدېئال دۆلەت » بولۇپ، خۇددى ئەپلاتوننىڭ « ئىدېئال دۆلەت » غايىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ھەر ئىككى مۇتەپەككۇر مەۋجۇت ھاكىمىيەت شەكلى ۋە سىياسىي تۈزۈملىرىدىن ھالقىپ، ئىنسانلارنىڭ مۇكەممەل ياشاش مۇھىتى ھەققىدە ئىزدەنگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشى ئۇنىۋېرسال قىممەتكە ئىگە.

قەدىمكى زاماندىكى گۈللەنگەن بىر خانلىققا باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ ھەربىي ئىستېلاچىلىق تارى-

خىنى كۆرسەتمەيدۇ ياكى مەلۇم مەزگىللىك ئىقتىسادىي يۈكسەلىشنى ئۆزىگە شەرت قىلمايدۇ. ۋەھالەنكى بۇ يەردە «تاكى پادىشاھتىن تارتىپ ئاددىي ئاۋامغىچە ھەربىي جەھەتتىكى قۇدرەت، ئىقتىسادىي ساھەدىكى مۇقىملىق ۋە سىياسىي قۇرۇلمىدىكى ئادىللىق ئېلىپ كەلگەن بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە ئادالەت ئۇستىگە قۇرۇلغان ئەقلىي كېلىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە بولغان ئاكتىپ ماسلىشىشنىڭ ئىنكاسىدۇر. تەبىئىيكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياشىغان قاراخانىيلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە ئۆز دەۋرىگە يارىشا ماسلىق ۋە ئۆزئارا قوللاش مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي پەلسەپە ئىدىيىسى شاھلاردىن تارتىپ ئاددىي ئاۋامغىچە بولغان پۈتكۈل ئامىللارنى ئۆزىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلغان. يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مەلۇم خانلىقنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى ماسلىشىش تەقەززاسى ئەلۋەتتە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بىرلىككە كەلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت گەۋدىسى ھالەتتىكى «ئىدېئال دۆلەت» چۈشەنچىسىدە رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىشنى چەكلەپ قويالمايتتى. لېكىن، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمگەكىنىڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ دۆلەت ئىدىيىسىگە ئالاقىدار ئەڭ ئۇششاق ئامىللارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، ئۇنى ئۆزىنىڭ «ئىدېئال» چۈشەنچىلىرىنىڭ بىر قىسمى قىلغان، مانا بۇ پەلسەپىدىكى گەۋدە بىلەن ئۇنىڭ قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك دىئالېكتىك باغلىنىشتۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كاتتا ئەسىرىنىڭ ئىسمىدىنلا بىزگە شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن ئېتىكاشۇناستۇر. ئۇنىڭ ئېتىكا ئىدىيىسىنىڭ مەركىزىدە ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە ئىزدىنىشىدىكى مەڭگۈلۈك سوئال بار: ئەخلاقلىق ھايات دېگەن نېمە؟ يۇسۇپ





خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئەخلاقلىق ھايات ياكى ھاياتلىقتا پۈتكۈل ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان ئېتىكىلىق نىشان — بەخت پەقەت بىلىم ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. بىلىم بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىزگۈلۈكنىڭ ۋە ياخشىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. بىلىم پۈتكۈل ئېتىكىلىك ئويلىنىشنىڭ ۋە ئىزدىنىشنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىلىم قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشى كېرەك. چۈنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپقا شۇ نەرسە ئايانكى، شەھەرلىشىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن مەركەزلىشىشكە يۈزلەنگەن مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا بىلىمدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بۇ خەلقنى ئۇيۇشتۇرالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن خانلىقتا ۋە مەدەنىيەت ھاياتى شەھەرگە مەركەزلەشكەن مۇھىتتا ياشاۋاتقان خەلق ئۈچۈن بىلىم ئېلىش تەبىئىي ھالدا ئالدىنقى شەرت بولاتتى. چۈنكى، ناھايىتى ئىدېئال دۆلەت چۈشەنچىسىدىن قارىغاندىمۇ، پۇقرالارنىڭ بىلىملىك بولۇشى دەل ئىدېئال دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۇقرالارنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىشى ئۇلاردا ئاسانلا پەخىرلىنىش ھېسسىياتى قوزغايتتى. بۇ ئەلۋەتتە ئوتتۇرا ئەسىر خانلىق تۈزۈمىگە سىياسىي جەھەتتىن ئەۋزەللىك ئېلىپ كېلەتتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم بىلەن ئىنسان بەختى ھەققىدىكى ئىلغار ئېتىكىلىق ئىدىيىسى بىزگە سوقراتنى ئەسلىتىدۇ. سوقرات تۇنجى بولۇپ، ئەخلاق مەسىلىسىنىڭ قەدىمكى گرېك جەمئىيىتىدىكى رولى ھەققىدە ئويلانغان: ئىنسان ئۈچۈن بەختلىك ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى بارمۇ؟ بەختلىك ھايات سوقرات ئۈچۈن گارمونىيىلىك ماسلاشقان ۋە ئەقىل ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ھاياتتۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ مەسىلىگە دەل سوقراتنەك قارىغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئادەم ئىدىيىسىدە ئادەم-

نىڭ ئەقىلگە ئىگە ئىكەنلىكى مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ . يۈسۈپ
خاس ھاجىپنى سوقرات بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، ئۇنىڭ بۇ ھەق-
تىكى ئىدىيىسىنىڭ كۆپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ۋە مۇكەممەل
سىستېمىغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . شۇنىسى ئېنىقكى ،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بىلىم چۈشەنچىسىگە پۈتۈن
خانلىقتىكى پۇقرالارنىڭ ئەقلىي ھېسسىيات تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ
مۇھىم قىسمى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان . ئۇزاق يىللىق كۆچ-
مەنلىك تۇرمۇشىدىن ھېرىپ — چارچىغان ۋە زېرىككەن ئۇي-
غۇرلار بىر خىل ئەقلىي ئاساسنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك
قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن . ئۇلار مۇقىم ۋە گۈل-
لەنگەن شەھەر تۇرمۇشىغا تولىمۇ موھتاج ئىدى . لېكىن ، يېڭى
رېئاللىق ئۇلاردىن ئەمدى ھەربىي ماھارەتتە ئەمەس ، بەلكى
جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئەقلىي ئاساستا قۇرۇلغان مەدەنىيەت سا-
پاسىنىڭ يېتىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى . بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ-
نىڭ ئېتىكىلىق ئىزدىنىشلىرىدىن بۇ خىل شەھەر مەدەنىيىتى ئې-
لىپ كەلگەن تەبىئىي موھتاجلىقنىڭ تۈرتكىسىنى كۆ-
رۈۋالالايمىز .

ئەمدىكى مەسىلە « قۇتادغۇبىلىك » بىلەن « تۈركىي
تىللار دىۋانى » نىڭ يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە
بىرلا ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىشىنى تەتقىق قىلىشتۇر . ھەر ئىككى
ئەسەر ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ سىستېمىلاشقان شەكلىگە
ۋەكىللىك قىلىدۇ . چۈنكى ، مەيلى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ
« تۈركىي تىللار دىۋانى » دا بىزگە ئۇچرايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ
تەبىئەت ، جەمئىيەت ھەققىدىكى پارچە — پارچە بىلىشلىرى
بولسۇن ، مەيلى بىز مەڭگۈ نامىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولالماي-
دىغان پەلسەپىۋىلىككە باي ئەسەرلەر ، ئېپوسلار بولسۇن ، مەيلى
« قۇتادغۇبىلىك » نىڭ ئىدىيە سىستېمىسى بولسۇن ، شۇ نەرسە
ئېنىقكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى زىيالىي قاتلىمى





ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سىس-
تېمىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاڭلىق تونۇپ يەتكەن . بۇ
ھەم ئۆز نۆۋىتىدە گۈللەنگەن خانلىقنىڭ رېئال تەلىپى ئىدى .
قاراخانىيلار خانلىقى زىيالىيلىرىنىڭ سىستېما يارىتىش قىزغىن-
لىقى ۋە بۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان ئەھمىيەتلىك ئىزدىنىشلىرى
« تۈركىي تىللار دىۋانى » بىلەن « قۇتادغۇبىلىك » تىن ئىبا-
رەت ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتى تارىخىدىكى بۇ ئىككى گىگانت
ئەسەرنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتى سىستېمىلىشىش ۋە قې-
لىپلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغان قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە
بارلىققا كېلىشى ، بىزدە ھېچقانداق ھەيرانلىق قوزغىمايدۇ . بەلكى
بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتىنى بىر تەرەپ قى-
لىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ ، خالاس . مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىنى تۈركىي تىللار مەدەنىيىتى سىستېمىسىدا تۇرۇپ
كۆزەتكەن ۋە يورۇتۇپ بەرگەن بولسا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
قاراخانىيلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى رېئاللىقىنى ئىدېئاللىشىش دەرى-
جىسىگە كۆتۈرگەن .

شۇنىڭدەك ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يۈسۈپ خاس ھا-
جىپقا قالدۇرغان نىسپىي مۇكەممەل ئوبرازى ئۇنىڭدا نوقۇل ئې-
تىكىلىك ئىزدىنىش دائىرىسىدىن ھالقىپ ، نەزەرىنى سىياسىي
جەھەتتە مۇكەممەللىشىشى ، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللىنىشى ،
ھەربىي كۈچى كۈچلۈك بولۇشى ۋە ئاۋامنىڭ مەنىۋى ھاياتى
ساغلام بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنغان ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى
ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ھەققىدە ئىزدى-
نىش ئويىنى قوزغىغان . يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق لوگىكىلىق
خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەرگىزمۇ
ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدا تاسادىپىي بارلىققا كەلگەن پەيلاسوپ
ئەمەس . چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدىن غەرب —
شەرق ئىدىيە ئالمىشىش ھەرىكىتىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلى-

رىنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھايات تەجرىبىلىرى، ئويلىنىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپىۋىلىشىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىپادىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھەتتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپتا قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى خېلى چوڭقۇر بولسىمۇ، بۇ قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئاددىي ھالدىكى «ئۇيغۇرچىلىشىشى» بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئىنسانىيەت ئىدىيە ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى ۋە سىستېمىلىشىش جەريانىدۇر. شۇڭلاشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئارىستوتېلىزمنى ئوتتۇرا ئەسىر غەرب پەلسەپە ئىدىيىسى بىلەن ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى سىستېما ياراتقان توماس ئاكۇيناسقا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئالدىنقى قىسىملاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەدەنىيەتتە تەرەققىي قىلغان قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ گرېك ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىرى ئىنتايىن ئاز. بىز گرېك مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيا ئىدىيە مەدەنىيىتىگە جۇملىدىن پەلسەپە ئىدىيىلىرىگە كۆرسەتكەن مەدەنىيەتلىك تەسىرىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ غول ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە يۈكسىلىشىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. شۇنداق ئېيتىش تامامەن مۇمكىنكى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدا سىستېما قۇرغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ غەرب ۋە شەرقنىڭ ئىدىيە ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا غەرب، شەرق ۋە ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ بىرلىشىش ۋە سىستېمىلىشىشىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ جەريانىنى تاماملىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئۇيغۇر پەيلاسوپىدۇر.

شۇنىسى، تاكى قاراخانىيدىن تارتىپ ئەڭ ئادەتتىكى





ئاۋامغىچە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىدېئال مۇناسىۋەتنى «ئوتوپىيە» لىك دۆلەت چۈشەنچىسىدە شەرھلەشنى نىشان قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئالاھىدە تەسىر قوزغىمايلا، ئۈن - تىنسىز يوقاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەپلاتوننىڭ «ئوتوپىيە» دېگەن كىتابى ئەينى دەۋردىكى گرېك ۋە ئۇلارنىڭ شەھەر دۆلىتى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كىرىش سۆزىدە ئېيتىلغاندەك، «قۇتاغۇبىلىك» گەرچە قوشنا ئەللەرنىڭ پادىشاھ ئوردىلىرىدا قىممەتلىك گۆھەر سۈپىتىدە ئەتىۋارلانغان بولسىمۇ، زىيالىيلار ۋە ئاۋام خەلق ئارىسىدا قانداق تەسىر قوزغىغانلىقى بىزگە يەنىلا قاراڭغۇدۇر. ئەلۋەتتە، خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئايان بولغىنىدەك، «ئىدېئال دۆلەت» شەكلىدىكى مۇكەممەل دۆلەت تۈزۈلمىسى يۇقىرى قاتلام بىلەن تۆۋەن قاتلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت بىردەكلىكىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا، «قۇتاغۇبىلىك» نىڭ شاھلارنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كىتاب جاھازلىرىغا تىزىپ قويۇلغىنىدىن ۋە ناھايىتى ئاز ساندىكى زىيالىيلار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگىنىدىن كۆرە، ئاۋامنىڭ كولبىسىدىن ئورۇن ئالغىنى كېيىنكى دەۋرلەردە تېخىمۇ مۇكەممەل ئۇيغۇر جەمئىيەت ۋە دۆلەت قۇرۇلمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىدىيە ئاساسى بىلەن تەمىنلەيتتى. شۇنداقلا، ئۆز نۆۋىتىدە شۇنداق قىياس قىلىشقا تامامەن بولاتتىكى، بىز «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىلھام ئېلىنىپ يېزىلغان ياكى ئۆزىگە خاس پەلسەپە ئىزدىنىشىدىن بارلىققا كەلگەن تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە تېخىمۇ كۆپ پەلسەپە كىتابلىرىنى كۆرگەن بولاتتۇق. ئەپسۇسكى، تۈرلۈك تارىخىي، رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلى، «قۇتادغۇبىلىك» باشتىن - ئاخىر ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىدىيە مەدە-

نىيىتى تارىخىدا يېگانە ئەسەر بولۇپ قېلىۋەردى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ شېئىرىي شەكىلدە يېزىلىشى بىزنى يەنە يېڭى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. خاقانىيە تىلىدا ۋە ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغان بۇ كاتتا ئەسەر ئەلۋەتتە شېئىرىي كامالەت جەھەتتىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى مەڭگۈ نامايان قىلالايدۇ. پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ شېئىرىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شەرق ئىدىيە تارىخى ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئۈچۈن ئانچە غەيرى ئىش ئەمەس. ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىمۇ شېئىر بىلەن پەلسەپىنىڭ يۇكسەك بىرلىشىشىدۇر. ۋەھالەنكى، پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈشى كۆپىنچە ھاللاردا كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم ئېلىپ كېلىۋەرمەيدۇ. چۈنكى غەرب پەلسەپە تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، سوقراتتىن باشلانغان قەدىمكى غەرب پەلسەپىسى ئۆز تارىخىدا پەلسەپە ئەسەرلىرىنىڭ نەسرىي شەكىلدە يېزىلىشىدەك ئورتاق ئەنئەنىسىنى كۆرۈپ كەلدى. (مەن بۇ يەردە غەرب پەلسەپە ئەسەرلىرى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن شەرقنىڭ شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ، دېمەكچى ئەمەس. چۈنكى ھەر ئىككى خىل ئۇسلۇبنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار.) تېخى ھېچكىم پەلسەپە ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ئىدېئال شەكلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېگىنى يوق. ئەپلاتوننىڭ «ئەپلاتون پاراڭلىرى» دېگەن پەلسەپىۋى ئەسىرىدىكى دىئالوگ شەكلىدىكى پەلسەپە يېزىقچىلىقى ئۆز نۆۋىتىدە نەسرىي شەكىلدىكى پەلسەپە يېزىقچىلىقىدىنمۇ كۆپ ئەقلىي سەرپىيات ۋە ماھارەت تەلەپ قىلاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ىمۇ ئاساسلىق تۆت سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ — ئايتولدى، كۈنتولدى، ئودغۇرمىش ۋە ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دىئالوگ ئەسەرنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتىكى



تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە

مۇرەككەپلىكىنى ۋە پەلسەپىۋى بالاغىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز شېئىرىي شەكىلنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى يەتكۈزەلەش مۇمكىنچىلىكىنى قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىشتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى شېئىرىي شەكىلنى ئۆز ئىدىيىسىنى يەتكۈزۈشتىكى ۋاستە قىلغان. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىزگە مەلۇمكى، گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز دەۋرىگە يارىشا مەلۇم ئىلغار قاراشلارنى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن شېئىرنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىدىن بارلىققا كېلىشىدىمۇ خىلمۇخىل توسقۇنلۇقلار بۇ ئىدىيىلەرنى تارقاق ھالەتتە ئىپادىلىنىشتەك تەقدىرگە دۇچار قىلغان. ھەتتا، نۇرغۇن شائىرلار مەزمۇن ۋە شەكىل تەكرارلىقىدىن ئىبارەت «تىل ئويۇنى» ۋە «ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر دۆۋىسى» گە كىرىپ قالغان. پەلسەپە بىلەن ئەدەبىيات جۈملىدىن شېئىرىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئېنىق پاسىلنىڭ بولماسلىقى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ نەزەرىيىۋى كامالىتىگە توسقۇنلۇق قىلغان. غەرب پەلسەپە تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئەدەبىيات بىلەن پەلسەپىنىڭ كەسكىن ئايرىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ھەرگىزمۇ پەلسەپە يېزىقچىلىقىدا ئابستراكت نەزەرىيىنىڭلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدەك قاتمال يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى ئالدىنقى شەرت قىلمايدۇ. ئەپلاتوننىڭ ئەسەرلىرى بىزگە باشقا پەلسەپە ئەسەرلىرى بېرەلمەيدىغان ۋە ئۆز دەۋرىدە كەم ئۇچرايدىغان بەدىئىي زوقلىنىشنى ئاتا قىلالايدۇ. لېكىن، ئەپلاتونغا شۇ نەرسە ئايانكى، ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنى ئەدەبىيات ئەمەس، بەلكى پەلسەپە، شۇڭا پەلسەپە ئۆزىگە خاس ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. گەرچە بۇ خىل يۈزلىنىش پەلسەپىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ

بەزىبىر ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىش ۋە ئۆز-
لەشتۈرۈشنى توسۇپ قالالمىسىمۇ. شۇڭا، پەلسەپىنىڭ مۇستە-
قىل پەن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنماسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخا-
نىيلار خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە نەزەرىيىۋى تەپەك-
كۇردىن ئىبارەت مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە ئىلمىي بىر تەرەپ
قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن كېلىپ چىق-
قان «ئىدىيە چۈشكۈنلۈكى» نى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى ئا-
مىللاردىن بىرى بولۇپ قالغان.

قاراخانىيلار خانلىقىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بىز كلاس-
سىك شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدىن ھەقىقىي ئۇيغۇر رېئاللى-
قىنى كۆرەلمەيمىز. چۈنكى بۇ شېئىرىي ئەسەرلەر ئومۇمىي شەرق
ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە رېئاللىقتىن ھالقىغان
تېمىلارنى زىيادە ئەدەبىي شەكىل يارىتىش قىزغىنلىقىدا ئىپادى-
لەشكە بېرىلىپ كەتكەن. شۇنچە كۆپ ئۇرۇش، بالايىئاپەت ۋە
ئاچارچىلىق رېئاللىقنى قاپلاپ تۇرسىمۇ، شائىرلار يەنىلا نەزە-
رىنى «پىل چىشى مۇنارى» شەكلىدىكى ئارزۇ - غايىلىرىنى
ئەكس ئەتتۈرۈشكە قاراتقان. دەل مۇشۇ قاراڭغۇ دەۋرلەر ئۇي-
غۇرلاردىن رېئاللىقنىڭ ھالىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇق
مەسىلىسىگە يېقىندىن ياندىشىدىغان پەلسەپە ئەسەرلىرىنىڭ ئارقا -
ئارقىدىن مەيدانغا چىقىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە
بىز «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىنكاسى
بولغان ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي
جەھەتتە مۇقىم بولغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پەلسەپە ئىزدى-
نىشىگە تىنچ ۋە ئاسايىش ماكان بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى نەزەر-
دىن ساقىت قىلىۋەتسەكمۇ، شۇنىسى ئېنىقكى، مەيلى قايسى
دەۋر ياكى مەيلى قايسى مىللەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا بولسۇن
رېئاللىقنى ھەقىقىي ۋە چىن ئىپادىلەش ئەدەبىياتنىڭ ۋە پەلسە-
پىنىڭ شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ئەقلىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ





ئەڭ ئالىي غايىسىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز داستانلىرى ئارقىلىق ئىلگىرى
سۈرگەن دۇنياۋى مەنىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى
ئەلۋەتتە 15 - ئەسىردىكى بەزى غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ مۇشۇ
خىلدىكى ئىدىيىسى بىلەن ھۆسن تالىشالايتتى. مەسىلەن،
ئەلىشىر نەۋائىيدىن يۈز يىل كېيىن ياشىغان ئىسپانىيىلىك
پەيلاسوپ ۋىتورىئامۇ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئۈستىگە قۇ-
رۇلغان دۇنيا ھاكىمىيەت شەكلىنى (بەزى پەلسەپە تارىخچىلى-
رىنىڭ قارىشىچە، ۋىتورىئانىڭ بۇ ئىدىيىسى ھازىرقى بىرلەشكەن
دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى غايىلىرىدىن ئىبارەتتۇر)
ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ۋىتو-
رىئا ئۆز قارىشىنى مۇنتىزىم ئەقلىي دەلىللەش ۋە لوگىكىلىق ئىس-
پات ھالىتىدە نەسرىي شەكىلدە بايان قىلغان. بۇ خىل بايان
شەكلى ۋىتورىئا ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە بەزى مۇتەپەك-
كۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. نەتىجىدە
ۋىتورىئا ھازىرقى زامان سىياسىي پەلسەپىسىنىڭ ئاتىسى بولۇپ
قالغان. ئەگەر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىدىيىسى شېئىرىي ئوبرازلار
ۋە شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پەلسەپە يېزىقچى-
لىقىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچىمى بولغان ئىلمىي پەلسەپە ئاتالغۇ-
لىرى، پەلسەپە تىلى ۋە لوگىكىلىق دەلىللەشتىن ئىبارەت تۈپكى
تەپەككۇر جەريانلىرىدىن تەركىب تاپقان بولسا، نەۋائىينىڭ بۇ
قارىشى تېخىمۇ مۇكەممەل ئىلمىي قىياس ۋە ئەقلىي شەكىل سۈ-
پىتىدە كۆز ئالدىمىزدا قايتىدىن نامايان بولاتتى. بولۇپمۇ، بۇ
ئىدىيىلەر كەسكىن پەلسەپە ئىدىيىسى سۈپىتىدە ئىپادىلەنگەن
بولسا، بەلكىم ئەينى دەۋر رېئاللىقىدا ئەجەللىك كەمچىلىك سۈ-
پىتىدىكى سىياسىي ئىدىيە ۋە سىياسىي غايە ۋاكۇئۇملۇقى ئەلى-
شىر نەۋائىينىڭ قەلىمى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن سىياسىي پەل-
سەپە ئىدىيىسى ئارقىلىق تولدۇرۇلغان بولاتتى. يىغىپ ئېيت-

قاندا، ئىلمىي قىياس ۋە لوگىكىلىق دەلىلدىن ئىبارەت پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ تۈپكى قۇرۇلمىسىنى شېئىرىي شەكىلنىڭ ھازىرلىيالىشى ناھايىتى قىيىن. دەل شۇ سەۋەبلىك، ھەقىقىي مەنىدىكى پەلسەپە ۋە ئەقلىي تەپەككۇر مۇكەممەللىكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىي تۇرمۇشىدىن خېلى مەزگىللەرگىچە يوقالدى. ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى خەلق بىلەن پەلسەپە ياكى ئاۋام بىلەن ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ھاڭنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىدىيە ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزنى يەنىلا قاراخانىيلارنىڭكىدەك رازى قىلالمايدۇ. بىز سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە پۈتكۈل شەرق ئىسلام دۇنياسىدىكى «سوپىزم ھەرىكىتى»نى كۆرىمىز. سوپىزم پەلسەپىسىنىڭ قەدىمكى گرېك پەلسەپىسى بىلەن مۇناسىۋىتى تولىمۇ ئۆزگىچە، چۈنكى، شەرقتە سوپىزم پەلسەپىسى دەل گرېك پەلسەپىسىنىڭ شەرق ئىسلام دۇنياسىغا بولغان تەسىرى ئاجىزلاشقان ۋاقىتتىن باشلانغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا سوپىزم پەلسەپىسى شەرق ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ۋەھالەنكى، سوپىزم پەلسەپىسىدە تۈپ قارىمۇقارشىلىق بولغان تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يىلتىزىنى يەنىلا ئەپلاتوننىڭ پەلسەپىسىدىن ئىزدەش مۇمكىن. ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، روھ «ئىدىيە» ئەمەس، بەلكى ئەقىل بىلەن سەزگۈنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەمنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىدۇر، روھ ئۆلمەستۇر. بۇ دۇنيادا روھ تەنگە بەنت قىلىنغان (روھ تەننىڭ ئەسىرى). ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، روھ ئۆزىنىڭ ماكانىغا — «ئىدىيە» لەر دۇنياسىغا قايتىدۇ. شۇڭلاشقا، پەيلاسوپلار ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي بىلىم (خۇشاللىق) تەندىكى ھېسسىياتلار تەرىپىدىن





توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاچقا ۋە كۆمۈلۈپ قالغاچقا، پەقەت ئادەم ئۆلگەندىلا روھ ئازاد بولۇپ ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. بىز شەرق سوپىزم ھەرىكىتىدە ئەپلاتوننىڭ بۇ ئىدىيىسىنىڭ ئاز ـ تولا ئۆزگەرگەن ۋە باشقا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان شەكلىنى بايقايمىز. ئەلىشىر نەۋائى تەسۋىرلىگەن سۇمۇرغلارنىڭ قۇياشقا سەپەر قىلىشى ۋە ئاخىر كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىشى تىپىك سوپىستىك ئىدىيىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىشى بولۇپ، ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ مىستىتكىلىق بىرلىشىشىنىڭ سىمۋولىدۇر. بۇ خىل بىرلىشىش سوپىستلارنىڭ نەزەرىدە بىر قاتار باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوپىستلارچە قاراش بويىچە ئېيتقاندا، روھ تەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، تەن روھنىڭ قەپىزى. بۇ خىل قاراش تەبىئىي يوسۇندا ئىنتايىن قاتتىق پەرھىزلەرنى بارلىققا كەلتۈرەتتى. روھ بىلەن تەننىڭ بىر ـ بىرىدىن ياتلىشىشى سوپىزم مەسلىكى كەڭرى تارقالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى بىلەن ماددىي تۇرمۇشىنىڭ خەتەرلىك ئايرىلىپ كېتىشىدەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دېمەك، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئاران ـ ئاران ساقلاپ كېلىۋاتقان ئاۋامنىڭ تۇرمۇشى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر پۈتۈنلۈكىدىن ۋە ئەقلىي ئاساسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، باش ـ ئاخىرى چىقماس قالايمىقانچىلىققا پاتتى. ھاياتلىقتىكى پۈتكۈل گۈزەل ئارزۇلار قىممىتىنى يوقاتتى.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە پەلسەپە بىلەن قاراخانىيلار پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئەقلىي ئارىلىق ساقلانغانىدى. بۇنى بىز «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى، «قۇتادغۇبىلىك» ھەم ئۆزىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا زىچ باغلانغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئوتوپىيىلىك قىممىتىگە ئىگە

بـولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىن
ھالقىغان . بۇ ھالەت ، يۇسۇپ خاس ھاجىپقا نىسبەتەن ئېلىپ
ئېيتقاندا ، پەلسەپە ياكى ئىدىيە مەدەنىيىتى بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىـ
سىدا مەلۇم ئەقلىي مۇۋازىنەتنىڭ ۋە ئارىلىقنىڭ بولۇشىنىڭ زۆـ
رۈرلۈكىنى تونۇتقاندى . ۋەھالەنكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ سوپىزم
دەۋرىـدە ۋە ھـەرىكىتىدە بىز سوپىستىك ئىدىيىلەر بىلەن خەلقـ
نىـڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ چەكتىن ھالقىغان بىرلىشىشىنى كۆـ
رىمىز . قاراخانىيلار خانلىقىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن « ئىدىيە
ۋاكۇئۇملۇق » نى سوپىزم ئىدىيىسى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ۋە
كەڭ كۆلەمدە تولدۇردى دېيىشكە بولىدۇ .

سوپىزم پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق مىستىتزملىق قاراشلىرى
ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەقلىي قۇرۇلمىسىغا ئاپەت خاراكتېرلىك
بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى . مەنىۋى تۇرمۇشى كۈچلۈك ئەقلىي
ئاساسقا قۇرۇلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا ، سوپىزم
دەۋرىنى ئۇيغۇر تارىخىدىكى جۇملىدىن ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىـ
دىـكى ئەڭ قاراڭغۇ دەۋر دېيىشكە بولىدۇ . شۇنىڭدىن تارتىپ
تاكى 20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاساسەن
ئەھمىيەتلىك پەلسەپە تەتقىقاتى ياكى باشقا پەلسەپىۋى ئىدىيىـ
لەرنى قوبۇل قىلىشتەك مەدەنىيەت ھەرىكىتى كۆرۈلمىدى . ھەـ
قىقىي مەنىدىكى پەلسەپە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا پۈتۈنلەي
ئۇنتۇلدى . دەل مۇشۇ ئارىلىقتا غەرب پەلسەپىسى جۇش ئۇرۇپ
تـەرەقـقىي قىلىۋاتاتتى . 16 ــ ئەسىردە غەربتە دېكارتتىن باشلانـ
غـان راسىئونالىزملىق ( ئەقىلچىلىك ) پەلسەپە ئېقىمى ۋە 18 ــ
ئەسىردىكى بۈيۈك نېمىس پەيلاسوپى كانت قاتارلىقلار ياۋروپا
ئىدىيە ھەرىكىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ، جەمئىيەت ئەزاـ
لىرىغا قارىتا پەلسەپىۋى ۋە ئىدىيىۋى ئاقارتىش ئېلىپ بېرىۋاتقان
دەۋرلەردە دۇنيانىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلەي دەپ قالغان يىراق
تـەكلىماكان بويلىرىدا تەركىدۇنياچىلىق ، ئىشانچىلىق ئەۋج ئېـ





لىپ ، پۈتكۈل تەكلىماكان دىيارىنى ئۇيغۇر ئىدىيە تارىخىدىكى
جاھالەتچىلىك قاپلىغانىدى .

ھەتتا 20 ــ ئەسىر ئاخىرلىشىپ ، 21 ــ ئەسىرگە قەدەم
قـويغان پەيتتىمۇ ، غەرب پەلسەپىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يەنىلا ناتوـ
نۇش بولۇشى ، غەرب ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەرجىمە قىلىپ توـ
نۇشتۇرۇلماسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت ئەقىل ــ پاراسىتىنى
چۈشىنىشتىن خېلىلا يىراق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇيغۇرلاردا
نۆۋەتتىكى نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىزلىقى
مانا مۇشۇ خىل ئىدىيە بېكىنمىچىلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر . ھازىرقى
زامان ئۇيغۇرلىرى بارماقتا سانىغۇدەكلا غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ
ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى تېخى يېقىندىلا كۆردى . قارىغاندا ،
يۇسۇپ خاس ھاجىپ مىڭ يىللار ئىلگىرىلا تونۇشقان ۋە يۈكـ
سەلدۈرگەن ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىللارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن يەنە
نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن تونۇشىدىغان ئوخشايدۇ . تارىخ شۇنى
ئىسپاتلىغانكى ، دۇنيادا ئىدىيىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرمىغان ۋە
ئۆزىـنىڭ مىللىي پەلسەپىسى بولمىغان ھەم ئۇنى بارلىققا كەلتۈـ
رەلـمەيدىغان مىللەت مەڭگۈ « بىچارىدۇر » .

# غەرب مائارىپىدىن ئويلىغانلىرىم

*ھەقىقىي بايقاش سەپىرى يېڭى زېمىننى ئىزدەش ئەمەس ، بەلكى يېڭى كۆز بىلەن كۆرۈشنى ئۆگىنىشتۇر .*

**— مارسېل پىروست**

مەدەنىيەت ئىدىيە ھەرىكىتى دەپ قارالغىنىدا ، مائارىپ بۇ ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئەڭ ئاساسلىق ئامىلدۇر . قەدىمكى مائارىپ ئەنئەنىسىدىكى ئىدىيە ۋە ھاياتلىق ماھارەتلىرىنىڭ چەكلىك دائىرىدە يەتكۈزۈلۈشى ئۆزىدىكى ئەنئەنىۋى قىممەتنى ساقلىغاندىن سىرت ، دۇنياۋى دىئالوگ شەكلىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا . مەدەنىيەتلەر مائارىپتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى « دىئالوگ » شەكلى ئارقىلىق ئۇچرىشىۋاتىدۇ ، بېيىۋاتىدۇ ھەم ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ . ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىلىم مۇناسىۋىتى ھېلىھەم مائارىپنىڭ مىللىيلىكى ۋە ئەنئەنىۋى مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلسا ، بىلىمنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى ۋە دۇنياۋىلىقى مائارىپنى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈككە ئايلاندۇرماقتا . مائارىپ بىلىمگە يېتەكلەيدىغان جەرياندۇر . ئۇنىڭ ئېتىكىلىق ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مائارىپ ئىنسانلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدىغان جەرياندۇر . پەقەت مائارىپلا ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە ئىگە ئىكەنلىكىدەك ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان جەرياندۇر . چۈنكى ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويۇشى مائارىپنىڭ تۆھپىسىدىن ۋە خاسىيىتىدىن ئايرىلالمايدۇ . بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مائارىپ مەڭگۈ ئىنسان ئەقلى بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى





تۈگىمەس دىئالوگ ئۈستىگە قۇرۇلغان .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى سوقرات ئىلىمگە ئېرىشىشنىڭ يولى دىئالوگ شەكلى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەنىكەن . چۈنكى ، بۇ ئاقساقال قىشمۇيار يالىڭاياغ يۈرۈپ ، ئافىنا كوچىلىرىدا ئۇچرىغان ئادەملەردىن ناھايىتى « غەلىتە » سوئاللارنى سورايدىكەن :

— سېنىڭچە ئادەمنىڭ بەختى قانداق قولغا كېلىدۇ ؟

— بىلمەيمەن .

ھاياتنىڭ ماددىي زۆرۈرىيەتلىرى يەتكۈچە ھاردۇرغان ۋە بەزدۈرگەن سوئال سورالغۇچىنىڭ بۇنداق « ساراڭلارچە ۋە ئەخمەقلەرچە » سورالغان سوئاللارنى ئويلىغۇدەك چولى يوق ئىدى . ۋەھالەنكى ، سوئال سورالغۇچى شۇنى بىلمەيتتىكى ، « غەلىتە بوۋاي » دەپ ئاتالغان سوقراتنىڭ سوئاللىرى ئۇنى ئۆزى ئادەتلىنىپ كەتكەن تۇرمۇش ھەققىدە تۈيۈقسىز ئويلاپ بېقىشقا ۋە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى دەڭسەشكە ئۈندەيتتى . ئەپسۇسلىنارلىقى ، سوئال سورالغۇچى ھاياتنىڭ ئاددىي ۋە تەكرار پائالىيەتلىرى داۋامىدا بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاشتىن مەھرۇم قالغانىدى . ئەگەر ئۇ بەخت توغرىسىدا ئويلىغان بولسا ياكى سوقراتنىڭ سوئالىنىڭ ۋەزنىگە قىزىقىپ قالسا ، بۇ يەردە شەكسىزكى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك دىئالوگ باشلىناتتى . سوقراتنىڭ دىئالوگى قەدىمىي ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئادەمنىڭ « ئويغىنىشى » ياكى بىلىمنىڭ ئاقارتىش جەريانىدۇر .

سوقرات تاكى دېموكراتىيىنى ياقلايدىغان ئافىنالىقلار ئۇنى « ياشلارنى زەھەرلىدى » دېگەن بەتنام بىلەن زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا بۇيرىغۇچە ئىلىمگە ئېرىشىشنىڭ دىئالوگ شەكلىدىكى ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن . « ئەپلاتون پاراڭلىرى » دىن بىزگە مەلۇمكى ، سوقرات يۇمۇ-

رىستىك تۇيغۇغا باي ئادەم . لېكىن ، يۇمۇرىستىك دىئالوگلارنىڭ
ئاستىغا يوشۇرۇنغان كەسكىن ھەقىقەت كۆزگە تاشلىنىپ تۇ-
رىدۇ . بولۇپمۇ ، سوقرات : « مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن » دې-
گەن سۆزنى تەكرار ــ تەكرار ئېيتقان چاغدا ، يۇمۇرىستىك
تۇيغۇ بىزدە ئاددىي ھالدىكى كۈلكىنىلا قوزغىمىسا كېرەك .
چۈنكى ، سوقراتنىڭ قارىشىچە ، چەكسىز ۋە سىرلىق دۇنيانىڭ
ئالدىدا ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىرى ھەقىقەتەن تىلغا ئالغۇسىز دە-
رىجىدە ئاز ۋە تېيىز . ئەگەر سوقراتنىڭ بۇ قارىشىنى ئېتىراپ
قىلساق ، ئۆزىمىزنىڭ « ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىمىزنى » تەن
ئېلىشىمىز كېرەك . مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ، سوقراتنى ئەينى
دەۋردىكى گرېكلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ئەقىللىق ئادەم دېيىش
مۇمكىن ، چۈنكى ، ئۇ ئادەمنىڭ ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى ئەڭ
بىلگۈچىدۇر .

سوقرات سوتتىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدە ئۆزىنى
جازاغا ھۆكۈم قىلغانلارنى بۇ ئادالەتسىز ھۆكۈمى سەۋەبلىك ھا-
مان بىر كۈنى جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرىدۇ .
ئارقىدىنلا ، دوستلىرىغا يۈزلىنىپ ، يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنىڭ جىنايەت ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆلۈمدىن قورقماسلىق
كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ . ھەتتا ، ئۆلۈشكە بىر نەچچە سائەت قال-
غاندىمۇ ، سوقرات دوستلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مەڭگۈ-
لۈك ھاياتلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ .

سوقراتنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئۇستاز
دېيىشكە بولىدۇ . ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سوپىستلارغا① ئوخ-
شاش ھەقلىق دەرس ئۆتمىگەن . بەلكى ، جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل

① سوپىستلار( Sophists ) ئەينى ۋاقىتتىكى گرېتسىيىدىكى سەيياھ ئوقۇتقۇ-
چىلار بولۇپ ، كىشىلەرگە مۇنازىرە ماھارىتىنى ئۆگىتەتتى . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ،
دۇنيادا ئۇنىۋېرسال ھەقىقەت مەۋجۇت ئەمەس ، ھەقىقەت ۋە قانۇنىيەت پەقەت
نىسپىيدۇر . ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى سوقراتنىڭ قاتتىق رەددىيىسىگە ئۇچرىغان .





قاتلاملىرىدىكى كىشىلەر بىلەن ھاياتلىقتىكى ئەڭ تۈپكى مەسى-
لىلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن . سوقراتنىڭ دىئالوگ بىلەن
مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق مېتودى ئۇنى ھاياتنى
ئەقلىي يول ئارقىلىق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان .
سوقراتنىڭ قارىشىچە ، دىئالوگ ئارقىلىق ئەقىل ( لوگوس ) گە
ئېرىشكىلى بولىدۇ . بۇ دەل دىئالوگقا قاتنىشۋاتقان ئىككى ئەقىل
ئىگىسىنىڭ تەدرىجىي بىلىمگە ئېرىشىش جەريانىدۇر .

سوقراتنىڭ دىئالوگ ئۇسۇلىنى ئىنسانلارنىڭ بىلىمگە
ئېرىشىش تەجرىبىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈكى دېيىش
مۇمكىن . بىز ھەم بۇ خىل ئۇسۇلدىن قەدىمكى گرېك مائارىپى-
نىڭ ، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مائارىپىنىڭ ئاساسلىق يولىنى ۋە
يۈزلىنىشىنى كۆرۈۋالالايمىز . چۈنكى ، سوقراتنىڭ ئۆلۈمىدىن
كېيىن ، ئەپلاتون قۇرغان ئاكادېمى ( Academy ، ئىنستىتۇت )
مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى بىزگە غەرب مائارىپىنىڭ قانچىلىك قە-
دىمىيلىكى ۋە مۇكەممەللىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ .

سوقراتنىڭ ئۆلۈمىدىن سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىش
ئويىدىن ۋاز كەچكەن ئەپلاتون بۇ مەكتەپنى مىلادىيىدىن ئىل-
گىرىكى 387 ــ يىلى قۇرغان . بۇ مەكتەپ تاكى مىلادىيە 529 ــ
يىلى رىم ئىمپېراتورى جۇستىنىين تەرىپىدىن تاقالغىچە ئۆزىنىڭ
غەرب مائارىپى تارىخىدىكى نىشانلىق ئوبرازىنى تىكلىگەن . ئا-
كادېمىيىنىڭ ھېساب ، گېئومېترىيە ۋە ترىگونومېترىيە ، ئاستى-
رونومىيە ۋە ئاكوستىكا قاتارلىق دەرسلىكلىرى پۈتكۈل دەرس-
لىكلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى . ئەلۋەتتە ، بۇ
مەكتەپتە ماتېماتىكا ئالاھىدە ئۆگىتىلەتتى . ئېيتىشلارغا قارى-
غاندا ، بۇ ئىنستىتۇتنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى دەرەختكە بىر
تاختا ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا « بۇ پەنلەرنى ياخشى
كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە رۇخسەت يوق » دەپ يې-
زىلغانىكەن . بۇ يەردە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئون يىل

سەرپ قىلىش كېرەك ئىدى.
يۇقىرىقى دەرسلىكلەردىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، قەدىمكى
گرېكلەر دۇنيانىڭ تەرتىپسىز ۋە مۇرەككەپ ھالىتىدىن بىر خىل
مەڭگۈلۈك تەرتىپنى ـــ تەبىئەتنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتىنى ئې-
گىلەشنى مەقسەت قىلغان. ماتېماتىكىنىڭ مەركىزىي ئورۇنغا
قويۇلۇشى رېئاللىقتىكى شەيئىلەرنىڭ سانلىق مۇناسىۋەتلىرىنى
تەتقىق قىلىشتىن تاشقىرى، ئىنساندىكى گۈزەللىك ئىنتىلىشى ۋە
ئىنسانىي ھېسسىيات سۈپىتىدىكى شەكىل ئۇستىدىمۇ ئىزدىنىش-
تۇر. ئىنسان يۈزلىنىدىغان تەبىئەت يەككە ـ يېگانە ۋە باغلى-
نىشسىز ھالەتتە مەۋجۇت بولمىغاچقا، بۇ پەنلەر بىر ـ بىرىگە
باغلىنىش ۋە بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇناسىۋىتىنى ھا-
زىرلىغان. قەدىمكى گرېكلەرنىڭ ئىزدىنىش روھى تەبىئىي ھالدا
ئۇلارنى ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈك تەرتىپى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئېلىپ
باراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسنىڭ ئۆزىنى يېتىل-
دۈرۈشىمۇ بۇ خىل ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم تەلىم ـ تەربىيە مىزانلى-
رىدىن ئورۇن ئالغانىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئاكادېمى ئىنستى-
تۇتىدىن ھەقىقىي مائارىپ ھازىرلاشقا تېگىشلىك پۈتكۈل ئالا-
ھىدىلىكلەرنى بايقىۋالالايمىز. چۈنكى، بۇ مەكتەپ بىلەن ھا-
زىرقى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدا ھېچقا-
پەرق يوق. بۇ بىزگە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بې-
رەلەيدۇ. مائارىپ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئادەم ۋە تەبىئەت ھەق-
قىدىكى تۈگىمەس دىئالوگىدۇر. بۇ دىئالوگنىڭ ئەڭ كۆزگە
كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى ئەمدى سوقراتچە مەسخىرە قىلىش
ئۇسۇلىدا بارلىققا كەلمەيدۇ. بەلكى، ئۇنىڭ مەقسىتى ئوقۇغۇ-
چىلاردا ئۆزى ئۆگەنگەن ۋە كۆزىتىۋاتقان رېئاللىققا قارىتا تەنقىد
قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش: ئۇلار ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئار-
قىلىق بۇ بىلىملەرنىڭ مەزمۇنىدىن قانۇنىيەت ۋە ئۆلچەمنى تېپىپ
چىقىشتۇر.





ئاكادېمى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش جەھەتتىكى مۇكەم-
مەللىكى بىزنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ
مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇلغان بىر چوڭ كۇتۇپخانا بول-
غان ھەمدە دەرسخانىدا دەرس ئۆتۈش بىلەن مەسىلىلەرنى
مۇزاكىرە قىلىشتەك ھەم قەدىمىي ھەم زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۇ-
سۇلى زىچ بىرلەشكەن. ئوقۇغۇچىلاردا خاراكتېر يېتىلدۈرۈش،
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان ئىشتىياقىنى قوزغىتىش،
ئوقۇغۇچىلاردا تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى ئەقلىنىڭ ياردىمى ئار-
قىلىق كۆزىتىشكە ۋە مەسىلىلەرنى شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا
يېتەكلەش بۇ مەكتەپنىڭ تۈپكى ئوقۇتۇش مىزانى قىلىنغاچقا،
بۇ مەكتەپ ناھايىتى نۇرغۇن ئۈمىدلىك ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ
قىلغان. بىز ئەلۋەتتە بۇ مەكتەپنىڭ گرېكلەرنىڭ ئىجتىمائىي
ھاياتىغا قانچىلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى
ئاسانلا قىياس قىلالايمىز. چۈنكى، ئەڭ ياخشى پاكىت شۇكى،
سوقراتتىن كېيىن ئەپلاتون بىلەن بىرگە پۈتكۈل غەرب پەلسە-
پىسىگە ۋە ئىدىيىسىگە مىسلىسىز چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن
ئارىستوتىلمۇ دەل مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى.
بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، گەرچە
ئەپلاتون ئاكادېمى ئىنستىتۇتىنى قۇرغان شۇ يەردە ئوقۇتقۇچى-
لىق قىلغان ۋە ئۇنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى
قوشقان بولسىمۇ، ئۇ ئەزەلدىن بىرەر پارچە دەرسلىك كىتاب
يازمىغان. بۇ ئەپلاتوننىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىن ئايرىلمىسا كې-
رەك. ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان دۇن-
يانى بىر سىستېمىغا يىغىنچاقلاش ۋە ئادەمنىڭ ئىدىيىسى بىلەن
ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدىغان « ئىدېئولوگىيە » شەكلىدە ئى-
پادىلەش ھەم مۇمكىنسىز ھەم ئىلمىي بولمىغان ئۇسۇلدۇر.
شۇڭلاشقا، ئەپلاتوننىڭ نەزىرىدە، بىرلىككە كەلگەن ۋە ئالدىن
بېكىتىلگەن دەرسلىك كىتاب ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن پىكىر

قىلىشىنى تار دائىرىگە مەھكۇم قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايدۇ .
ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ خىل شەكىلدىكى دەرسلىك كىتاب ئوقۇ-
غۇچىلارنى ئەڭ كەڭ ئىمكانىيەتتە هاياتلىق مەسىلىلىرى بىلەن
ئۇچرىشىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ . ۋەھالەنكى ، « ئەپلاتون
پاراڭلىرى » دېگەن كىتاب ئوقۇغۇچىلارغا ۋە جەمئىيەتتىكى
ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشنى خالايدىغان ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى
زوق ئاتا قىلغان . « ئەپلاتون پاراڭلىرى » غەرب پەلسەپە تارى-
خىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن چۈشىنىكسىز ۋە « ئۇقۇملار ئو-
يۇنى » غا توشۇپ كەتكەن پەلسەپە ئەسەرلىرىگە قارىغاندا ئا-
دەمگە مەڭگۈ ئوقۇسا ـ ئوقۇسا زېرىكمەيدىغان سېھرىي كۈچ ئاتا
قىلىدۇ . ئاكادېمى ئىنستىتۇتىنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى مۇۋەپپە-
قىيەتلىرى ئۇنىڭ كلاسسىك مائارىپ ئەنئەنىسى ۋە تەجرىبىسى
بولۇش سۈپىتى بىلەن كېيىنكى غەرب مائارىپ ئىدىيىسى ۋە ئە-
مەلىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىدىيىۋى ئاساس ۋە ئەمەلىي
ئۈرنەك بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدە خاراكتېرلىنىدۇ . بۇ نۇقتىنى
هازىرقى دۇنيادا ئالىي مائارىپتىن بەھرىمەن بولغان ھەرقانداق
ئادەم ناھايىتى ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ .

دۇنياغا مەشھۇر خارۋارد ئۇنىۋېرستېتى « دۇنيادىكى
ھەرقانداق نوپۇزلۇق قاراشتىن گۇمانلىنىشقا ۋە ئۇنىڭغا جەڭ
ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىش » دېگەن مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغۇچىلارنى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە رىغبەت-
لەندۈرۈپ كەلمەكتە . مائارىپ ئىدىيىسى مائارىپ ھەرىكىتى ۋە
ئەمەلىيىتى داۋامىدا بارلىققا كېلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ،
ئۇ مائارىپنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن هاياتلىق رو-
لىنى ئوينايدۇ . مائارىپ ئىدىيىسى بولمىغان مائارىپ قارىغۇ مائا-
رىپتۇر . چۈنكى ، شۇنىسى ئېنىقكى ، ئۆزىگە خاس مائارىپ ئى-
دىيىسى بولمىغان دۆلەتنىڭ ، مىللەتنىڭ ۋە ھەتتا مەكتەپنىڭ
ئىلغار مائارىپ ئەنئەنىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئە-





مەس . مائارىپ ئىدىيىسى ھەرگىزمۇ بىر مەھەللىك شوئار ـ چا-
قىرىقلارنى كۆرسەتمەيدۇ . بەلكى ئۇ مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك بار-
لىق ھەرىكەتنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىشى ۋە مائارىپچىلارنىڭ ئەقەل-
لىي ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلىنىشى كېرەك . پراگماتىزملىق نۇق-
تىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بىزگە ئابستراكت مەنىدىكى مائارىپ
ئىدىيىسى كېرەك ئەمەس . بەلكى مائارىپ ھەققىدىكى بارلىق ئى-
دىيىلەر مائارىپنىڭ قەدىمىي پائالىيىتى بولغان ئادەم تەربىيىلەش
نىشانىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى ئىپادىلىشى كېرەك . مۇنداقچە
ئېيتقاندا ، مائارىپ ئىدىيىسى ھەم كونكرېت ۋە ئىلغار بولۇشى
كېرەك . ئۇنىڭ كونكرېتلىقى ئادەم بىلەن مائارىپنىڭ ۋە ئادەم
بىلەن بىلىمنىڭ ماھىيەتلىك ، رېئال ۋە ھەقىقىي مۇناسىۋەتتە
بولۇشىنى كۆرسەتسە ، ئۇنىڭ ئىلغارلىقى ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن
بارلىق مەزمۇننىڭ ئىنسانىيەت مائارىپ تەجرىبىسىدىكى ئىجابىي
ئامىللارنىڭ ۋە بۈگۈنكى دەۋردىكى مائارىپ ئۇتۇقلىرىنىڭ قوبۇل
قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ . شۇنداقلا ، مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ مىل-
لىيلىكىنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كې-
رەككى ، مائارىپ ئىدىيىسى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى-
دىكى ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك . يۇقىرى-
قىلاردىن شۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى ، مائارىپ ۋە مائا-
رىپ ئىدىيىسى مىللەتنىڭ ياشاش ئېڭىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشى
كېرەك . چۈنكى ، ياشاشتىن ئىبارەت تۈپكى ئىنسان مەۋجۇتلۇقى
ۋە غايىسىنى چىقىش قىلمىغان ھەرقانداق شەكىلدىكى مائارىپ
ئەمەلىيىتى ۋە مائارىپ ئىدىيىسى قىلچە قىممىتى بولمىغان نەر-
سىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . بىزگە كېرىكى ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ قال-
دۇرىدىغان مائارىپ نەزەرىيىلىرى ئەمەس ، بەلكى قانداق قىلغاندا
ئادەمنى بىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى
يارىتالايدىغان ۋە ئۇنى ئۆزگەرتەلەيدىغان قىلىپ چىقىشتۇر . بۇ
ھەم ھازىرقى زاماندىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ مائارىپ ئى-

دىيىسىنىڭ نېگىزى بولۇپ كەلمەكتە .

بېلگىيىنىڭ ئالىي مائارىپىدا ماڭا بىۋاسىتە تەسىر قىلغىنى بىلىم ئېلىشنىڭ كىشىلەرنىڭ ياشاش ئارزۇسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىغا ئايلانغانلىقىدۇر . بېلگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ مائارىپ خىراجىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرىلىقى ، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ خەلقئارالىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىشى ، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان كۇتۇپخانىلار ، تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقى بارلىق ئىلغار مېدىئا ( سىن ۋە ئاۋاز ) ۋاستىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشىنى قولايلاشتۇرۇشى قاتارلىقلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . مائارىپنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى بولغان دەرس ئۆتۈشكە كەلسەك ، بەزىبىر قالاق ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ، دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى سۇبيېكت ، ئوقۇغۇچىلار ئوبيېكت بولۇشتەك ئۇسۇلنىڭ بۇزۇپ تاشلانغانلىقىدۇر . ئەپلاتوندىن قالغان بۇ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەزەرىدە پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچى ئەمەس ، بەلكى ئاكتىپ ئىزدەنگۈچىگە ئايلىناتتى ، ئوقۇتقۇچىلار پەقەت ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم – پەن قەسرىگە قانداق كىرىشنى دەپ بېرەتتى ، خالاس . بۇ قەسرىگە كىرگەندىن كېيىن پۈتكۈل ئىشلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلاتتى .

غەرب مائارىپ ئىدىيىسىدىكى ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئەھمىيەتلىك مائارىپ ئەمەلىيىتى شەخسنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراشتۇر ، بۇ يەردە ئابستراكت « كوللېكتىپ » يوق ، پەقەت مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان شەخسلەرلا كېيىن « كوللېكتىپ » ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەتنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ۋە ئەزاسىغا ئايلىنالايدۇ . غەرب مائارىپ ئەمەلىيىتى ئالدى بىلەن بىر ئادەمنى قانداق قىلغاندا مائارىپ ئارقىلىق





تەربىيىلىگىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىنى چىقىش قىلغاچقا ، شەخس بىلەن مائارىپ ، شەخس بىلەن بىلىم ئېلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەخستە زۆرۈرىيەت مەنىسىنى ئەمەس بەلكى تۇرمۇشتىكى ئەركىن تاللاش شەكلىگە ئايلانغان .

مائارىپتا ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرى ئىگىلىگەن ۋە توپلىغان بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدىكى تەكرارلاشتىن ياكى ئەستە ساقلىتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ ، ياكى ئۇ ئىدىيە تارىخىنىڭ ۋە ئەنئەنىۋى بىلىملەرنىڭ سىستېمىلىق يەتكۈزۈلۈشىمۇ ئەمەس . مۇھىم نۇقتا شۇكى ، ئوقۇغۇچىلاردا ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى بىلىم ئارقىلىق رېئاللىق ۋە تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن تەنقىدىي يەكۈن چىقىرىش روھىنى يېتىلدۈرۈشتۇر . ئوقۇغۇچىلار پاسسىپ قوبۇل قىلىشتىن قۇتۇلۇپ ، مەسىلىلەرنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشكەندە ، « نوپۇزلۇق » ئىدىيىلەرنىڭ ئۆزىگە ھەممىنى قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى تەبىئىي رەۋىشتە ھېس قىلالايدۇ . ئەگەر « نوپۇزلۇق » ئىدىيىلەرگە ئوخشاش ھەممىگە قادىر « نوپۇزلۇق » كىتابلار ياكى « نوپۇزلۇق » دەرسلىك كىتابلار مەۋجۇت بولغان بولسا ئىدى ، ئىنسانلارنىڭ بىلىم ئېلىشى تولىمۇ ئاددىيلاشقان بولاتتى . ۋەھالەنكى ، كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق ھەرقانداق « نوپۇزلۇق » ئىدىيىنىڭ كونتروللۇقىنى رەت قىلىدۇ . شۇڭا ئوقۇغۇچىلاردا ئالدىنقى بىلىملەرگە قارىتا گۇمان ۋە كەلگۈسىگە قارىتا ئىلمىي تەسەۋۋۇر ، قىياس قوزغىيالايدىغان مائارىپ دەل ئىنساندىكى ئىجادىي ئىقتىدارنىڭ پۈتمەس – تۈگىمەس كۈچ – قۇدرىتىنى تونۇتقان مائارىپتۇر .

ئەگەر مائارىپ بىلەن ھاياتلىق پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا سەل قارىساق ، ئەڭ ئالدى بىلەن مائارىپ ئۇقۇمىنى بۇرمىلىغان بولىمىز . بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە شۇكى ، مائارىپ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىشى ۋە

ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرى مائارىپقا دوگما شەكىلدە ئېلىپ كىرىل-
مەسلىكى كېرەك . بۇ يەردە سوقراتنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىدىن
يۈكسەلگەن مائارىپ چۈشەنچىسى بار : مائارىپ ئادەملەر ئوتتۇ-
رىسىدىكى ھاياتلىق ھەققىدىكى دىئالوگلار . مۇنداق قىياس قى-
لىپ باقايلى ، بىز ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىلەن مەلۇم مەسى-
لىلەر ھەققىدە سۆھبەتلىشىمىز . بولۇپمۇ ، باللار ئۆزىگە يېڭى ۋە
غەيرىي تۇيۇلغان ھادىسىلەرنى ئاتا ـ ئانىلىرىدىن سوراشنى
ياخشى كۆرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، باللار ئۆز كۆزقارىشى ۋە خى-
يالى ھەققىدە ئاتا ـ ئانىلىرىدىن جاۋابقا ۋە يېتەكلەشكە ئېرىشى-
دۇ . ئەلۋەتتە بۇ جەريان خاتالىقنىڭ تۈزۈلۈشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ . بۇ خىلدىكى دىئالوگ شەكسىزكى بىزنىڭ ۋە باللارنىڭ
تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك قىسىملىرىنىڭ بىرىدۇر . ھەر-
قانداق ئادەم ئائىلە دىئالوگىدىن بىر خىل ئازادىلىكنى ، ئۆزئارا
ئىشەنچنى ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنى ناھايىتى ئاسانلا ھېس
قىلالايدۇ . لېكىن ، تۇرمۇشىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرى بۇ خىل
كەيپىياتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان . باللارنىڭ مەكتەپتىكى
ھالىتىمۇ شۇنداق . دېمەك ، بىز ئائىلىدىن ئىبارەت ئىللىق مۇ-
ھىتتىن چىقىپ ، سىرتتىكى « سوغۇق » رېئاللىققا يۈزلىنىشكە
مەجبۇر . ئەمىسە بىزنىڭ مائارىپتىن كۈتىدىغان مۇھىتىمىز
قانداق بولۇشى كېرەك ؟ سوقراتنىڭ سۆھبىتىدىن يەنىلا ئازادى-
لىك ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت چىقىپ تۇرىدۇ . گەرچە سۆھبەت تې-
مىسىنىڭ ئۆزى ھەرۋاقىت ئادەمگە ئازادىلىك ھېس قىلدۇرمى-
سىمۇ ، سۆھبەتلىشىشتىكى ئازادە مۇھىت بىلمەسلىكتىن ۋە بى-
لىمنىڭ قىيىنلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان بېسىمنى يەڭ-
گىللىتىدۇ .

نۇرغۇن كىشىلەر مەكتەپنىڭمۇ ئائىلىگە ئوخشىشىنى
ئارزۇ قىلىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇ گۈزەل ئارزۇ بىزگە ئەخمىقانە بىلى-
نىشى مۇمكىن . چۈنكى مائارىپ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۆزىگە





خاس قاتتىق قائىدە ـ تۈزۈملىرى بولغان ، باللارنى نىشانلىق
سىستېمىلىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق يېتەكلەيدىغان ۋە
ئۇلارغا بىلىم بېرىدىغان ئورۇندۇر . ۋەھالەنكى ، باللار تۇرمۇ-
شىدا كۈچلۈك مۇھىت ۋە كەيپىيات تۇيغۇسىنىڭ كېلىشتۈرگىلى
بولمايدىغان سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ـــ ئائىلە بىلەن
مەكتەپنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈشكە مەجبۇر . بەلكىم قاتتىق
ئىنتىزام باللارنىڭ يۇمران قەلبىدە مائارىپتىن ئىبارەت بۇ « بىلىم
ئۆگىتىدىغان » ئىشنىڭ ھەيۋىسى ۋە نوپۇزىغا قارىتا ئەيمىنىش
تۇيغۇسى قوزغاشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن ، بەلكىم
قاتتىق ئىنتىزامدىنمۇ « قاتتىق » بىلىملەرنى ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ مېڭىسىگە قۇيۇپ قويۇش جەريانىنى ئاسانلاشتۇرۇشمۇ
مۇمكىن . ۋەھالەنكى ، مائارىپ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدا ھەر-
گىزمۇ قاتتىق ئىنتىزام ئاستىدىكى « بىلىمنى قۇيۇپ قويۇش »
جەريانى ئەمەس ، بەلكى « ئۆزئارا باغلانغان ، شۇنداقلا بىر ـ
بىرىدىن پەرقلىق » ئەزالاردىن تەركىب تاپقان كوللېكتىپنىڭ
ئەركىن دىئالوگى . سوقراتنىڭ بىلىمگە ئېرىشىشتىكى ئەركىن
دىئالوگ شەكلى دەل ئىنساننىڭ ھەم ئەركىن ھەم ئازادە بولۇش
ئىستىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشتەك
قوش كۆرۈنۈشنى روياپقا چىقىرىشتۇر . چۈنكى ئەركىن دىئالوگ
شەكلى بىزنىڭ ئائىلىدە يېتىلدۈرگەن خاراكتېرىمىزنىڭ ، جەم-
ئىيەتتىن جۈملىدىن مائارىپتىن تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇقلىرىمىز-
نىڭ ۋە ئادەتلىنىشىمىز كېرەك بولغان تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ
مەھسۇلىدۇر . غەربتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى ئەر-
كىن ـ ئازادە ھالىتى ، مەسىلىلەرنى ئەركىن مۇزاكىرىلىشىش ۋە
گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلۈشى ئۇلاردا تەنقىد
ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ماددىي شارائىتلار بولۇپ قالغان . بى-
لىم ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مەڭگۈ سىرلىق بولغىنى بىلەن ، مائارىپ
ھېچقانچە سىرلىق ئەمەس ، بەلكى ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ

ئەھمىيەتلىك قىسمى ، خالاس . شۇڭلاشقا ئۇلار دەرسخانىدىكى ئەركىن دىئالوگ بىلەن ئائىلىدىكى ئىللىق مۇھىت ئىچىدىكى سۆھبەت ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرقنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ .

بۇلاردىن ئۆزۈم قوبۇل قىلغان مائارىپنى ئەسلەپ قالىمەن ... بىر سائەتنىڭ ئىچىدە مېنى قىلچە قىزىقتۇرالمايدىغان بىر دۆۋە « بىلىملەرگە » مەركەزلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ نەقەدەر ئازابلىنىقلىقىنى تالاي قېتىم ھېس قىلغاندىمەن . يەنىلا چىشىمنى چىشلەپ ، دەرسنىڭ تۈگىشىنىلا ئۈمىد قىلاتتىم . ئۆيگە قايتقاندىلا ، ئۆزۈم خالايدىغان « مائارىپتىن » — ئائىلە ئەزالىرىم بىلەن ئەركىن سۆھبەتلىشىشتىن بەھرىمەن بولاتتىم ، مەندە ھېچقانداق قاراشتىن گۇمانلانغۇدەك ئەقلىي ماجالمۇ يوق ئىدى . چۈنكى مەن خۇددى سۈرلۈك مۇراسىم تۈسىنى ئالغان سىنىپتا ئالدىنقىلارنىڭ « ئەدىبىيۋى ۋەسىيەتلىرى » نى ئۈن - تىنسىز تاپشۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر ئىدىم . لېكىن ، قىزىقارلىقى بۇ « ئەدىبىيۋى ۋەسىيەتلەر » مېنىڭ ئون مىنۇتلۇق تەنەپپۇستا ئېرىشكەن خۇشاللىقلىرىمنىڭ ئارىسىدا غايىب بولاتتى . پەقەت ئىمتىھان يېقىنلاشقاندىلا ، ئىنتايىن ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە قوبۇل قىلىنغان بۇ بىر قاتار « ئەدىبىيلەر » نى ئەستە ساقلاش ئامبىرىمدىن مەجبۇرىي ئەپچىقاتتىمدە ئۇنى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش قاتمال ۋە سۈرلۈك ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەپچىل قالقان قىلاتتىم . گەرچە ، مەكتەپتىن نەچچە رەت زېرىكسەممۇ ، بۇ « بىلىملەر » ماڭا ۋەدە قىلغان يىراق كەلگۈسىنى ئويلاپ ، « مۇراسىم » غا قاتنىشىشنى داۋاملاشتۇراتتىم .

ھازىر ئويلىسام ئۇ چاغلاردا ئائىلە بىلەن مەكتەپ ماڭا بېرىدىغان پۈتۈنلەي پەرقلىق تەسىراتلارنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ جاپا چەككەنىكەنمەن . ئائىلىدە نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلاتتىم . نېمىنى دېگۈم كەلسە شۇنى دەيتتىم . لېكىن ،





مەكتەپكە قەدەم باسقىنىمدىلا ، نېمىنى قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلالمايدىغانلىقىم ، نېمىنى ئويلىسام شۇنى دېيەلمەيدىغانلىقىم ماڭا كەسكىنلىكى ۋە قاتتىقلىقى چىقىپ تۇرغان مەكتەپتىن دەرھال ئايان بولاتتى ، خۇددى ناھايىتى يات قورۇقلۇققا چىقىپ قالغان ساياھەتچىدەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالاتتىم . مېنىڭ ئۇ يەردە نۇرغۇن گەپلىرىمنى ئوقۇتقۇچىلىرىمغا دېگۈم كېلەتتى . لېكىن ، بۇ مۇھىتنىڭ ئىچ - ئىچىمدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سۈرى مېنى ئەيمەندۈرۈپ قوياتتى ، ھەممىنى ئىچىمگە يۇتۇۋېتىپ ، قېتىپ ئولتۇرۇپ « بىلىم » ئېلىشقا كىرىشەتتىم . كېيىن بارا - بارا بۇ مۇھىتقىمۇ كۆنۈپ قالدىم . مەكتەپ ماڭا يەنە باشقا پائالىيەتلىرى بىلەن ئىسسىق كۆرۈنەتتى . چۈنكى ، مەن ساۋاقداشلىرىم بىلەن تەنەپپۇس ئارىلىقلىرىدا قوغلىشىپ ئوينىغاندا ، پاراڭلاشقاندا خۇشاللىققا چۆمەتتىم .

دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا لەگلەك ئۇچۇرۇش ، سوقۇش ئويناش ، ۋېلسىپىتلىك قوغلىشىش ، مۆكۈمۆكىلەك ، ئايدىڭدا جىننىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىشىش ماڭا يەنە بىر يېڭى « دەرس » ئىدى . بۇنداق چاغلاردا پۈتكۈل تەبىئەت دەرسخانامغا ئايلىناتتى . گەرچە مەن لەگلەكنىڭ نېمە ئۈچۈن چۈشۈپ كەتمەي ، ئاسماندا ئۇچۇشنىڭ ئىلمىي پرىنسىپىنى بىلمىسەممۇ ، لەگلەك ئۇچۇرۇش ئېلىپ كەلگەن كۆكتە پەرۋاز قىلىشتەك خىيالىي تۇيغۇنىڭ قىزغىنلىقىدا خۇشلۇققا چۆمەتتىم . تېلېۋىزور ۋە بىنا ئۆيلەر ئىگىلىۋالمىغان باللارچە ئەركىنلىكىم تەبىئەتنىڭ ئاۋازىغا ، رەڭگىگە ۋە شەكلىگە قېتىلىپ كەتكەنىدى . بەزىدە كىچىككىنە كاللام باش - ئاخىرى چىقماس نۇرغۇنلىغان « نېمە ئۈچۈنلەر » نىڭ دەستىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قېتىپ كېتەتتى . ئىنسانلاردا تەبىئەتنى بىلىشكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق بولغاچقا ، مەن تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى بىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم . تەبىئەت بىلەن شۇنداق « سۆزلەشكۈم » بار ئىدى ،

لېكىن قانداق سۆزلىشىشنى بىلمەيتتىم. دېمەك، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئورتاق تىل كەمچىل ئىدى. مەكتەپ ماڭا بۇ تىلنى تېخىچە ئۆگىتىپ بولالمىغاچقا، بۇ «سۆھبەت» كەينىگە سۈرۈلۈپ قېلىۋەرگەنىدى.

بەزى ئوقۇغۇچىلار مېنى «شوخ» دەپ قارايتتى. شۇڭلاشقىمۇ، «مۇراسىم» نىڭ دەخلى - تەرۇزسىز قائىدە - يوسۇنلىرىنى بۇزغانلىقىم سەۋەبلىك بىر نەچچە قېتىم تەن جازاسىغىمۇ ئۇچرىغانىدىم. بۇنداق چاغلاردا مەن دەرستىن سىرتقى چاغلاردا باللارچە شوخلۇقۇم ۋە ئەركىنلىكىم ئېلىپ كەلگەن ھەقىقىي شادلىقنىڭ ھوزۇرىنى ۋە قىزغىنلىقلىرىنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتەلمىگەچكە، «مۇراسىم» نىڭ ئىنتايىن ھالقىلىق مىنۇتلىرىدا ئۇلارنى ئەسلەپ، تەكرارلاپ سالاتتىم. لېكىن، كەسكىن ۋە ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان مەكتەپ مۇھىتى مېنىڭ باللارچە شوخلۇقلىرىمنى ۋە ئەركىنلىكىمنى بوغۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى. باللىق خىياللىرىمدا شۇنى ئىنتايىن غۇۋا ھېس قىلاتتىمكى، مېنىڭ مەكتەپتىن ئېرىشمەكچى بولغىنىم ھەرگىزمۇ تەبىئەتتىكى شامال ئېنېرگىيىسى تەلىماتى ئەمەس، بەلكى پەقەت لەگلەكنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇچالايدىغانلىقىلا ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى ئويلاشنى خالىمايتتىم. خۇددى قەدىمكى ئەجدادلىرىم «ئۇچار گىلەم» نى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك، خىيالىي چۆچەكلەر دۇنياسىدا يېتىلگەن تەسەۋۋۇر ئادىتىم مەندىن تەبىئەتنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ ئەركىن پىكىر قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. پۈتكۈل باللىق دەۋرىم «ئەرزىمەس» خام خىياللارغا ۋە تەسەۋۋۇرلارغا تولغانىدى. ھەر قېتىم بۇ خام خىياللارنى ۋە تەسەۋۋۇرلارنى توختىتىپ: دەرسكە زېھنىمنى يىغىشقا مەجبۇر بولغىنىمدا، خۇددى ئويۇنچۇقلىرىم تالادا يېتىمسىراپ قالغاندەك كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولاتتى.

ئەقلىم ئۇلغايغانسېرى باللىقتىكى شوخلۇقلىرىم ئۇنتۇ-





لۇپ، ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالدىم. بۇنى ئەلۋەتتە مەن كۈندە تەسىرگە ئۇچراپ تۇرىدىغان «مۇراسىم شەكلىدىكى مائارىپ» نىڭ «غەلىبىسىدىن» ئايرىپ قاراشقا بولمايتتى. گەرچە، ئۇ چاغلاردا لەگلەكنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇچالايدىغانلىقىنى بىلگۈدەك بولغىنىم بىلەن ئايروپىلاننىڭ قانداق ئۇچالايدىغانلىقىدەك يېڭى سوئاللارغا دۇچ كەلدىم. دەل شۇ چاغلاردا مەندە سوقرات ئېيتقاندەك ھالەت بار ئىدى: ھەربىر يېڭى بىلىش مەندە بىلىمنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن كۆرە، مەن تېخى بىلمەيدىغان تېخىمۇ كەڭ بوشلۇقتىن بېشارەت بېرەتتى. ماڭا خۇددى بۇ جەريان مەڭگۈ مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىدىغاندەك بىلىنىپ كەتكەنىدى. ۋەھالەنكى، مەن تەبىئەت بىلەن سۆزلىشىدىغان «تىل» نى تېخىچە تاپالمىدىم. قارىغاندا، بۇ تىلنى ھازىرغىچە ئىزدەۋاتسام كېرەك.

بۇ يەردىكى مەسىلە ھەرگىزمۇ مېنىڭ تەبىئەت بىلىملىرىمنىڭ كەمچىللىكى ئەمەس، بەلكى دەل ئەكسىچە بەك «كۆپ» بولۇپ كەتكەنلىكى ئىدى. تەبىئەت بىلەن قانداق «سۆھبەتلىشىشنى» بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇۋاتقان مەندەك بىر ئۆسمۈر ئۈچۈن ئۈستى - ئۈستىلەپ قوبۇل قىلىنغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلىملىرى مەندە «يۈك» پەيدا قىلغانىدى. بۇ بىلىملەر خۇددى 20 - ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ بىرى بولغان ئەنگلىيىلىك ئا. ن ۋايتخېد ئېيتقاندەك «ئىنېرت① ئىدىيىلەر» بولۇپ، مەن بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى كېرەكسىزدەك ھېس قىلىشقا باشلىغانىدىم. بۇ «ئىنېرت ئىدىيىلەر» كاللامدا توپلىشىۋېلىپ، ماڭا زىيانلىق تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ماڭا نىسبەتەن، ماڭا كېرىكى باللىق چاغلىرىمدىكى تەبىئەت ئالدىدىكى شوخلۇقلىرىم ۋە «قالايمىقان»

① بۇ سۆزنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى ئىستېمال مەنىسى «ناھايىتى ئاستا ۋە ھەرىكەت قىلىشنى خالىماسلىق، تۇرغۇنلۇق، ھەرىكەتلىنىشتىكى ماجالسىزلىق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

خام خىياللار ۋە تەسەۋۋۇرلار ئىدىكى ، ھەرگىزمۇ مېنى « مۇكـ
چەيتىپ » قويىدىغان ۋە قىلچە بالىلارچە شۈبھى بىلەن قوبۇل
قىلىنمىغان بىر دۆۋە تەبىئەت « ھەقىقەتلىرى » ئەمەس ئىدى .
يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بالىلىق تەسەۋۋۇ-
رۇمدىكى بىر پۈتۈن تەبىئەت دۇنياسى ئەمدىلىكتە بىر ـ بىرىـ
دىن ئايرىلىپ كەتكەن يەككە ـ يېگانە قىسىملارغا ئۆزگەرگەـ
نىدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، تەبىئەت كاللامدا سۇنۇپ ، پارە ـ
پارە بولۇپ كەتكەن كۆرۈش ئەينىكىگە ئوخشاپ قالغانىدى . بۇ
ئەينەكتىن ئۆزۈمنى پارچىلىنىپ كەتكەندەك ھالەتتە كۆرۈپ ،
داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم ... ئەينى ۋاقىتتا ، مائارىپچى ئەمەس ،
بەلكى بىر ئۆسمۈر بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ خىل تەسىراتلارـ
نىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالـ
مايتتىم ۋە بىلمەيتتىم . لېكىن ، ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا ياخشى
ۋە ئەلا باھالانسامۇ بالىلىقتىكى سوئاللىرىمنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ
تېخىچە جاۋابسىز ئىكەنلىكىنى ئويلىساملا ، چۈشەندۈرۈپ بولـ
غۇسىز تېڭىرقاشقا چۈمەتتىم . ئەڭ يامىنى شۇ بولغانكى ، مەن
ھەتتا بەزى چاغلاردا بالىلىقتىكى سوئاللىرىمنىڭ قىممەتكە ياكى
ئۇلارنىڭ بىرەر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا
باشلىغانىدىم . ئەجەبا ، بىر ئادەمنىڭ بالىلىقىدا تەبىئىي تۇغۇلـ
دىغان سوئاللىرى كېيىنچە ئەرزىمەس ياكى قۇرۇق خىيال بولۇپ
چىقسا ، ئادەمگە بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە يوقىتىش بولامدۇ ؟ ماڭا ھازىر
شۇ نەرسە ئايان بولدىكى ، بالىلىقتا تەبىئىي تۇغۇلىدىغان سو-
ئاللار بەزى چاغلاردا ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈر ئىزدىنىدىغان نىشانى
بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ، چۈنكى ، بالىلىقتىكى ئويلىنىش ھاياتـ
لىق ھەققىدىكى ئەڭ سەمىمىي ئويلىنىشتۇر .
ئەگەر بىز قەدىمكى گرېك دەۋرىنى ئىنسانىيەت مەدەنىـ
يىتىنىڭ بالىلىق دەۋرىگە ئوخشاتساق ، مەسىلە كۆپ ئايدىڭلىـ
شىدۇ . چۈنكى ، ئەپلاتون كۆرسەتكىنىدەك ، پەلسەپە قانداقتۇر





ساماۋى خىياللاردىن تۇغۇلمايدۇ . ئەكسىچە ، ئىنسانلارنىڭ بۇ
دۇنيادىكى ھالىتى ، تەقدىرى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىنسانلارنىڭ
قەلبىدە قوزغىغان « ئەجەبلىنىشى »نىڭ مەھسۇلىدۇر . « ئەجەبلىـ
نىش » دۇنيانىڭ مەلۇم يېرىدە تۇغۇلۇپ ، ئەقىلگە تولغان ئاـ
دەمدە ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ، قانداق ياشاۋاتقانلىقى ۋە
نەگە بارىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھاياتلىق كارامەتلىرىنىڭ ۋە
سىرلىرىنىڭ ئىنكاسى . دەل قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت
مۆجىزاتلىرىغا بولغان « ئەجەبلىنىشى » ئۇلارنىڭ كېيىنچە
ئىلىم ـ پەن ئىدىيىسىگە ئىگە بولۇشىغا يول ئاچقان . ئالدىنقى
قىسىملاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، قەدىمكى گرېكلەرنىڭ پەلـ
سەپە پروگراممىسى سۈپىتىدىكى سوئاللىرى تا ھازىرغىچە قاناـ
ئەتلىنەرلىك ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان جاۋابقا ئېرىشكىنى
يوق . بەلكىم بۇ يەردە بۇنداق زۆرۈرىيەتمۇ مەۋجۇت بولمىسا
كېرەك . چۈنكى ، مۇشۇ سوئاللار تارىختىن بېرى كىشىلەرنى
جۇملىدىن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىنىڭ مەڭگۈلۈك سىرى
ھەققىدە ئويلىنىشقا يېتەكلىمەكتە . ئەگەر بالىلىقتىكى « ئەجەبلەـ
نىش » ـــ نىڭ سېھرىي كۈچى بولمىغان بولسا ، بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان
مائارىپمۇ پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز تېمىغا ئايلىنىدۇ . مائارىپ دەل ئىنـ
سانلارنىڭ ياشاش تەقدىرى ۋە تەبىئەت ئالدىدىكى « ئەجەبلىـ
نىشلىرى » بارلىققا كەلتۈرگەن تۈرلۈك قىياسلىرى ، خام خىيالـ
لىرى ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ كېيىنكىلەردە تېخىمۇ چوڭقۇرراق ۋە
كەڭ دائىرىلىك « ئەجەبلىنىش » نى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدۇ . مانا بۇ بىز توختالماقچى بولغان مائارىپنىڭ
تۈپكى رولى ۋە ھاياتلىق ئېنېرگىيىسىدۇر .

ئامېرىكىلىق مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە پېداگوگ جون دېـ
ۋېينىڭ كوپېرنىكچە ئىنقىلاب خاراكتېرىدىكى دەۋر بۆلگۈچ
ئەھمىيەتكە ئىگە تەشەببۇسلىرىدا ئەينى دەۋردىكى ئامېرىكا ساـ

نائەت تۈزۈلمىسى داۋامىدا جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىشلەرگە مائارىپنىڭ قانداق ماسلىشىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دېۋېيىنىڭ قارىشىچە، مائارىپمۇ خۇددى كوپېرنىك تەرغىب قىلغاندەك مەركەزنى يەر شارىدىن قۇياشقا يۆتكىشى كېرەك. بۇنىڭدا ئۆسمۈرلەر مەركەز يەنى قۇياش، بارلىق مائارىپ پائالىيەتلىرى ۋە ئەمەلىيىتى مانا مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدەپ «ئايلىنىشى» كېرەك. جون دېۋېي مائارىپ بىلەن جەمئىيەت ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چىقىش قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت، ئائىلە ۋە مەكتەپ بىر-بىرىگە باغلانغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، مائارىپ جەمئىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ جەريانىغا ئايلىنىشى كېرەك. تۆۋەندە بىز ئۆسمۈرلەرنى مەركەز قىلغان كۆڭۈلدىكىدەك مەكتەپ ھەققىدە توختىلىمىز.

ئالدى بىلەن شۇ نەرسە ئېنىقكى، مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋۋال باللار ئائىلىسىدە دەسلەپكى تەربىيەدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەگەر بىز مەكتەپنى نوقۇل دىپلوم بىلەنلا تەمىنلەيدىغان ئورۇن دېگەن ئىنتايىن بىر تەرەپلىمە قاراشنى نەزەردىن ساقىت قىلغىنىمىزدا، باللارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدىن مەكتەپ تەربىيىسىگە ئۆتۈشىدەك ھالقىلىق جەريانىنىڭ مۇھىملىقى گەۋدىلىنىدۇ. ئاتا-ئانىلىرىدىن تۇرمۇشتىكى مەلۇم شەيئى ۋە مەسىلىلەر ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە يېتەكلەشكە ئېرىشكەن باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىشى ئائىلىدىكى تەربىيە ۋە يېتەكلەشنىڭ باللارنىڭ ئۇنىۋېرسال يېتىلىشىدە ئائىلىنىڭ يەنىلا مەكتەپنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقىدەك پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. باللار تېخىمۇ چوڭ «ئائىلە» گە — مەكتەپكە موھتاج. مەكتەپ شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلەش ئورنىغا ئايلانغانكى، ئۇ ماكان-زامان





ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن سىستېمىلاشقان تەربىيىلەش مېتودىغا ۋە نىشانىغا ئىگە، يەنى مەكتەپ باللارنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى پارچە-پۇرات ۋە تولۇقسىز «بىلىملىرى» نى ئېنىق نىشانغا تەدرىجىي يېتەكلەش فۇنكسىيىسىنى ھازىرلىغان. چۈنكى ھەرقانداق جەمئىيەت ئۆز ئېھتىياجىنىڭ ۋە مەنپەئەتىنىڭ كېيىنكى جەمئىيەت ئەزالىرى سۈپىتىدىكى باللاردا ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ۋە نىشانلىق ئەكس ئېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا مەكتەپ جەمئىيەت ئېھتىياجىنىڭ ۋە مەنپەئەتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى. مەكتەپ جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل پائالىيەتلىرىنىڭ ۋە غايىسىنىڭ سىمۋوللاشقان ئىپادىسى. بۇنىڭدىن شۇنداق لوگىكىلىق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى، مەكتەپ جەمئىيەت بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكتۇر.

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىشى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ئىبارەت مېھىر-مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئورۇندىن بەلگىلىك قائىدە-تۈزۈملىرى بولغان تەربىيىلەش ئورنىغا — مەكتەپكە كىرىپ، ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك كوللېكتىپنىڭ ھېسسىيات تەربىيىسى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى بەدەل قىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، باللار مەكتەپنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان «سوغۇق ئائىلە» گە ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا، بىز باللارنىڭ مەسۇم قەلبىدە مائارىپتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمغا قارىتا كۆڭۈلسىز تەسىرات بەرگەن بولىمىز. چۈنكى، ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ياكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدىكى باللارنىڭ پسىخىكىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئەقلىي تەربىيىگە موھتاج بولۇپلا قالماي، ھېسسىيات تەربىيىسىگىمۇ موھتاج. مەكتەپ ئۇلارنىڭ ئېڭىدا يەنە بىر «ئائىلە» ياكى ئۇلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان يەنە بىر ئەھمىيەتلىك بوشلۇق بولۇشى كېرەككى،

ھەرگىزمۇ قاتتىق ئىنتىزام ئاستىدا بىلىم ئالىدىغان جىمجىت دەرسخانىلاردىن تەركىب تاپقان قورۇغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. بىز بۇ يەردە قائىدە - تۈزۈملىرى ۋە ئىنتىزامى بولماسلىقى كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلماقچى ئەمەس، بەلكى ئىنتىزام ئوقۇتۇش مەقسىتىگە ئەمەس، ئوقۇتۇشتىكى قوشۇمچە ۋاسىتىگە ئايلىنىشى كېرەك. قاتتىق ئىنتىزام بالىلارنىڭ سەبىيلىكى، شوخلۇقى ۋە ئەركىن پىكىر قىلىش ئالاھىدىلىكىنى مائارىپ مەقسىتىگە بويسۇندۇرۇشتىكى ۋاسىتىگە ئايلانسا، ياكى بالىلارنىڭ قەلبىدە مەكتەپنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشتىكى ئۇسۇل بولۇپ قالسا، ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان بالىلارنىڭ خام خىيالغا باي ئىجادىي ئىقتىدارىنى بوغۇپ قويىمىز. دۇنيادىكى ئىلغار مائارىپ تەجرىبىلىرىدىن مەلۇمكى، ئىنتىزامغا تايانغان مائارىپ ئۆلۈك مائارىپتۇر. چۈنكى، بالىلارنى يەنى ئۇلارنىڭ پسىخىكىسى، قىزىقىشى ۋە ياش ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى مەركەز قىلغان مائارىپ قاتتىق ئىنتىزامسىزمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە شۇكى، بالىلار بىلىمگە قىزىقمايدۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنى چىقىش قىلغان بىلىمگە قىزىقىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ ئاڭسىز ئارزۇسى قاندۇرۇلسا، بىز مائارىپ ئەمەلىيىتىدە ئىنتىزام دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئۇنتۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇزاق يىللىق تەجرىبىلىك بىر مائارىپچىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ھېلىھەم يادىمدا: «مەكتەپ شۇنداق ئورۇن بولۇشى كېرەككى، خىلمۇخىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ھەر ۋاقىت بىلدۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك.» ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مېنى ئەڭ جەلپ قىلغىنى «ھاياتىي كۈچ» دېگەن ئىبارە بولدى. بالىلار ئۆز ئائىلىسىنى سۆيىدۇ. بۇ نەزەرىيىۋى دەلىللەش تەلەپ قىلمىسا كېرەك. چۈنكى، ئائىلە بالىلارغا نىسبەتەن پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچنىڭ سىمۋولى.





ئۇلار بۇ ھاياتىي كۈچنى ئۇنىڭدىكى ئۇششاق - چۈششەك پائالىيەتلەر، سۆھبەتلەر ۋە كەيپىياتتىن ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. ئەمىسە مەكتەپ قانداق قىلغاندا بالىلارغا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ؟ ئېنىقكى، ھاياتىي كۈچ تۇرغۇنلۇقتا ئەمەس، بەلكى ئىجادىي كۈچكە، يېڭىلاشقا باي پائالىيەتلەر ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. ئەگەر مەكتەپ بىلىم بېرىشنىلا ئاساس قىلغان «قورۇ» غا ئايلىنىپ قالسا، ھەر قانداق ئادەم ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارمۇ مەكتەپنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ. مەكتەپنىڭ پۈتكۈل ئوقۇتۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى، ئەقلى ۋە ھېسسىيات تۇرمۇشىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، خاراكتېر يېتىلدۈرۈش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى مەركەز قىلىپ «ئايلانغاندا» مەكتەپ ئىنتىزام بىلەن كونترول قىلىنىدىغان ۋە چەكلەنگەن رايونلارغا تولغان بوشلۇق ئەمەس، بەلكى ھاياتلىقنىڭ رىتىمىنى ھېس قىلغىلى ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدىغان جايغا ئايلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەكتەپ تەبىئەتنىڭ تىنىقىنى ئاڭلىغىلى، رەڭگىنى كۆرگىلى ۋە شەكلىنى قىياس قىلغىلى؛ ياشاشنىڭ مەنىسىنى ئويلىغىلى ۋە ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ جۇشقۇنلۇقىنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان جايغا ئايلىنىشى كېرەك. مانا مۇشۇ خىلدىكى مەكتەپتىلا، بالىلار تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت كۆپ خىل مۇھىتنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى مەكتەپ تەمىنلىگەن پائالىيەتلەر ئارقىلىق ھېس قىلالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇقنى ئەڭ زور مۇمكىنچىلىكتە تارايتالايدۇ.

بىزنىڭ ئادەتلەنگەن كۆزقارىشىمىز بويىچە ئېيتقاندا، مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش نىسبەتەن ئاددىي: دەرسلىك كىتابتىكى مەزمۇنلارنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش، تاپشۇرۇق بېرىش، سىناق ئېلىش، چارەكلىك ئىمتىھان، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ... ۋەھاكازالار. ئوقۇتۇشنىڭ ھەربىر سېكۇنت، مىنۇت ۋە سائەتلىرى

مانا مۇشۇ خىل جەرياننى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ . ئوقۇتۇشتىكى
قېلىپلىشىپ كەتكەن بۇ خىل تەكرارلىق ھەرقانداق چىداملىق
ئوقۇتقۇچىنىمۇ ۋە تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ناھايىتى ئاسانلا
ھاردۇرۇپ قويىدۇ . ھەتتا زېرىكىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . بىز
تاكى ھازىرغىچە ئۆزىمىزنىڭ مائارىپتىن كۆتىدىغان پۈتكۈل ئۈ-
مىدىمىزنى يۇقىرىقى چەمبەرسىمان ئايلىنىشنىڭ ھەربىر ھالقى-
سىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا باغلاپ كەلدۇق . مانا مۇشۇ
ئايلىنىشقا پۈتكۈل مائارىپ پائالىيەتلىرىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا
ياكى ئوقۇغۇچىلارنى مۇشۇ قېلىپ بويىچە تەربىيىلەشكە ئۇرۇ-
نۇپ كەلدۇق . نەتىجىدە ، ئۆزىمىز بىلىپ ـ بىلمەي ئاللىقاچان
ۋاقتى ئۆتكەن مەكتەپ مەركەزچىلىكىدىكى مائارىپ ئىدىيىسىنى
قوغداپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشتۇق . ئە-
مەلىيەتتە ، بىز شۇنى كۆردۇقكى ، ئوقۇغۇچىلار قارىماققا نۇرغۇن
بىلىملەرنى ئىگىلىگەندەك قىلغىنى بىلەن ، بۇ بىلىملەرنىڭ
ئۇلارنىڭ كاللىسىدا دۆۋىلىنىپ قالغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي رې-
ئاللىقىدىن ياتلاشقان . تېخىمۇ يامىنى ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار
بىلىمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ھېس قىلىش ئىقتىدارىنى بارغانسېرى
يوقىتىۋاتىدۇ . قەدىمدىن تارتىپ ئادەمنىڭ ئۆزىگە تونۇتىدىغان
كۈچ دەپ قارىلىدىغان بىلىم ئەمدىلىكتە بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
كاللىسىدا ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان سۈنئىي نەرسىلەرگە ئايلى-
نىشقا باشلىدى .

بالىلارنى مەركەز قىلىشتەك مائارىپ ئىدىيىسى بىزدىن
مەكتەپنىڭ ھەربىر پائالىيىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى چىقىش قىلى-
شىنى ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەربىر ئاۋازىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئارزۇسىدىكى ئاۋازغا ئايلىنىشىنى ۋە مەكتەپتىكى ھەربىر يېڭى-
لىقنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي تەلىپىنىڭ ئىپادىسى بولۇشىنى
تەلەپ قىلىدۇ . چۈنكى ، بالىلارسىز مائارىپ مەۋجۇت بولمىغا-
نىدەك ، بالىلارنى مەركەز قىلمىغان مائارىپمۇ مەڭگۈ ھەقىقىي ما-





ئارىپ ئەمەس . بىزنىڭ ئىلگىرىكى مائارىپ ئىدىيىمىزدە ئوقۇت-
قۇچى ئاملى ئىزچىل تەكىتلىنىپ كەلدى . پەقەت ئوقۇتقۇچى
ئاملى چىڭ تۇتۇلسىلا مائارىپنى ياخشىلاپ كەتكىلى بولىدۇ ،
دېگەن قاراش مائارىپىمىزغا ئۈمىد باغلىغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق
ئارزۇسى بولۇپ قالدى . نەتىجىدە ، ئىلغار ۋە ئۈلگىلىك ئوقۇ-
تۇش ئۇسۇللىرى ، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلاردا يې-
ڭىلاش ئېلىپ بارغانسېرى ئوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈمى مائارىپ ئەمەلى-
يىتى ۋە پائالىيەتلىرى بىزنى شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەندۈرگەنكى ،
مائارىپ ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىدىغان جەرياندۇر . مەكتەپنىڭ
پۈتكۈل پائالىيىتىنىڭ ۋە رولىنىڭ بىلىم بېرىش ۋە بىلىم ئېلىش-
تىن ئىبارەت ئىنتايىن كىچىك دائىرىگە تارايتىلىشى مەكتەپ
مەركەزچىلىكىدىكى مائارىپنىڭ ئەجەللىك ئىللىتىدۇر . مەيلى
غەربنىڭ ياكى ئۆزىمىزنىڭ ئىلغار دەپ قارالغان مائارىپ ئۇتۇق-
لىرى شۇنى تەكرار ئىسپاتلىماقتىكى ، مائارىپ بىلىم بېرىدىغان
جەريان ئەمەس ، بەلكى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىمنى قانداق ئېلىشنى
ئۆگىتىدىغان ئەقلىي جەرياندۇر .

بىزنىڭ ھۆكۈمىمىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دەرھال قارشى
تۇرۇشىغا ئۇچرىشى مۇمكىن ، چۈنكى كۆپىنچىمىز بىلىم بىلەن
مائارىپنى ئايرىتىۋېتىشتەك ئۇسۇلغا ھەرگىز كۆنەلمەيمىز . ئەمە-
لىيەتتە ،مائارىپ بىر خىل ئۇسۇل سۈپىتىدە قارىلىۋاتىدۇ . ئې-
نىقكى ، مائارىپنىڭ بىلىمنى قانداق ئېلىشنى ئۆگىتىشى ئۇنىڭ
ھېچقانداق بىلىم بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ ، بەلكى تېخىمۇ
مۇھىمى بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار بىلىمنى ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە
ئايلاندۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ . يېڭى بىلىم ياكى يېڭى ئىلمىي قىياس
بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ ، ئوقۇغۇچى پاسسىپ
قوبۇل قىلغۇچىلىقتىن قۇتۇلۇپ ، بىلىم ئېلىش جەريانىنىڭ ئاك-
تىپ قاتناشقۇچىسىغا ئايلىنىدۇ . بىلىم قۇيۇپ قويۇش شەكلىدە
ئەمەس ، بەلكى ئىجادىي ئىقتىدارنى قوزغىتىش شەكلىگە ئايلى-

نىدۇ . تېخىمۇ مۇھىمى ، ئوقۇغۇچىلار ھەربىر بىلىمنى ئىنتايىن ئېھتىياتچان ۋە تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلىدۇ . ئۇلاردا ، ئەركىن پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ۋە گۇمانلىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈلىدۇ .

بىز مائارىپتا ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىلىدىغان بىلىملەرنىڭ ۋاقىت ئالاھىدىلىكىنى ئويلاشساقلا ، مەسىلە كۆپ ئايدىڭلىشىدۇ : ئوقۇغۇچىلارغا مائارىپ ئارقىلىق ئۆگىتىلىدىغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تەجرىبىسىدىن ۋە دەلىللىشىدىن ئۆتكەن بىلىملەر بولۇپ ، بۇ بىلىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمى بولماستىن بەلكى باشقىلارنىڭ بىلىمىدۇر . تېخىمۇ مۇھىم نۇقتا شۇكى ، كۆپ قىسىم بىلىملەر نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆتمۈشكە مەنسۇپ ، ئۆتكەن دەۋرلەردىكى بىلىملەرنى ئىشلىتىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۇنى ھازىرغا ئايلاندۇرۇش . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى « ھايات » بىلىملىرىگە ئايلاندۇرۇپ ، تېخىمۇ يېڭى بىلىملەرنىڭ ئىلمىي قىياسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاش . ئەگەر بۇرۇنقى بىلىملەر ھازىرغا ئايلىنىپ ، كەلگۈسىدىكى يېڭى بىلىمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغىمىسا ، بىزنىڭ مائارىپتىن كۈتىدىغان پۈتكۈل ئۈمىدىمىز سۇغا چىلىشىدۇ . ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن شۇ نەرسە ئايانكى ، ئىنسانلارنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ بىلىملىرى بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىنىڭ ھازىرقى بىلىمىگە ئايلاندۇرغان . نەتىجىدە ، ئىلىم ـ پەندىكى قىممەتلىك روھ بولغان تەنقىدىي قوبۇل قىلىش ئادىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ھازىرقى بىلىملەرنىڭ يېڭى بىلىملەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان . شۇڭا ، ئالدىنقىلارنىڭ بىلىمىنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈش مۇقەررەر ھالدا نوقۇل بىلىم يەتكۈزۈش جەريانىنىلا تەلەپ قىلمايدۇ ، چۈنكى ، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئالدىنقى بىلىملەرمۇ بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ مۇئەييەن قائىدە قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئېرىشىلگەن .





ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتىنى ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرۈشتە ، نيۇتوننىڭ بۇ قانۇنىيەتكە قانداق ئېرىشكەنلىكى مۇھىم ۋە ئالدىنقى ئامىل قىلىنىشى كېرەك . ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتى ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئۈچۈن ھېچقانچە يېڭىلىق ئەمەس ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى كېرەك بولغىنى بۇ قانۇنىيەتنىڭ قانداق پىكىر يولى ئارقىلىق مەيدانغا كەلتۈرۈلگەنلىكىدۇر . دېمەكچى بولغىنىمىز ، ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزى كۈندە كۆرۈپ ئادەتلەنگەن رېئاللىقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان قانۇنىيەتلىك ھادىسىلەرنى قانداق كۆزىتىشنى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىشنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت . بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئوقۇغۇچىلارغا ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتىنىلا ئۆگىتىش بولماستىن ، تېخىمۇ مۇھىمى ئىلىم تەتقىقات مېتودىنى ۋە پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈشتۇر . چۈنكى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنىڭ مەڭگۈ ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش سەۋىيىسىدە توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، بۇ بىلىم ئۇلارنىڭ ئەقلىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ۋە ئىجادىيلىقنى قوزغىتالايدىغان بولۇشى كېرەك . مۇنداق ئېيتقاندا ، ھازىرقى زاماندا ئاددىي ساۋاتقا ئايلانغان بۇ بىلىم يېڭى بىلىملەرگە قانداق ئېرىشىشنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىشى كېرەك . ئىنسانلارنىڭ بىلىمگە ئېرىشىشتىكى يولى ۋە ئۇسۇلى لوگىكا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئومۇمەن ئىككى خىل : دېدۇكسىيە ۋە ئىندۇكسىيە . دېدۇكسىيە ئۇسۇلىدا ئىسپاتلانغان كۆزقاراشلار ، نەزەرىيەلەر ۋە ئاكسىيوملۇق كۆزقاراشلارنى يېڭى كۆزقاراش ۋە نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . دېمەك ، يېڭى بىلىم كونا بىلىم ئاساسىدا ئېرىشىلىدۇ . ئىندۇكسىيە ئۇسۇلىدا ئاۋۋال ئىلمىي قىياس ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ( ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ) مۇناسىۋەتلىك تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ

ۋە يەكۈن چىقىرىلىدۇ. دېمەك، ئىندۇكسىيە ئۇسۇلىدا يېڭى بىلىم يېڭى قىياس ئارقىلىق ئېرىشىلىدۇ. گەرچە بىزنىڭ يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇلىمىز ئىنسانلارنىڭ بىلىمگە ئېرىشىشىدىكى پۈتكۈل ئەقلىي ۋە سەزگۈ جەريانىنى تەلتۆكۈس چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلسا، ئوقۇغۇچىلارغا بىلىمنى قانداق ئېلىشنى ئۆگىتىش مەقسىتى — مۇستەقىل كۆزىتىش، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

شۇنداق ئېيتىش تامامەن مۇمكىنكى، ئوقۇغۇچىلارغا كۆپ بىلىم بەرگەنلىك مائارىپنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەمەس، مۇھىمى ئۇلارغا نېمە ئۆگىتىلمەكچى بولسا، بۇ بىلىملەر تەلتۆكۈس ئۆگىتىلىشى كېرەك. بۇ نۇقتىدا فرانسىيىنىڭ مۇنۇ ئەقلىيىسى ئەھمىيەتلىكتۇر: «ھەممىنى چۈشىنىش، ھەممىنى ئۇنتۇشتۇر». بۇ يەردىكى «چۈشىنىش» مەلۇم بىلىمنىڭ نوقۇل ھالدىلا ئىگىلىنىشىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ئۇ جەريانغا، ھاياتلىق پائالىيىتىگە ئايلىنىشى كېرەك. ئۆگىنىلىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىلىمنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. بالىلار مەكتەپتە ئۆزىنىڭ مەلۇم نەرسىلەرنى چۈشىنىۋاتقانلىقىدەك خۇشاللىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلالىشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، چۈشىنىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن باشلىنىشى ۋە تۇرمۇشىغا قايتىشى بىلىمنىڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئىشلىتىشچانلىقىغا ئىگە بولۇشىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، مائارىپنىڭمۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەت بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بالىلارچە بايقىغانلىرىدىن خۇشاللىنىش تەجرىبىسىگە ئىگە بالىلارنى بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ ئەقلىي يولى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، دەپ قاراش ئاقىلانىلىك ئەمەس. بۇ يەردىكى مەسىلە بالىلارچە قىزغىنلىق ۋە ئىشتىياقتىكى بىلىم ئېلىش ھەۋىسىنىڭ ئەمەلىي ئوقۇتۇش ئۇ-





سۇلى ئارقىلىق يېتەكلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدۇر. دەرسلىكلەردىكى تەييار قائىدىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەش ئاساندەك بىلىنگىنى بىلەن كۈندىلىك پائالىيىتىدە تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، جەمئىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرنى چۈشىنىش ۋە كەلگۈسىنى قىياس قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇش ئانچە ئاسان ئەمەس.

باشلانغۇچ مەكتەپكە يېڭى كىرگەن بالىلارغا بىرگە بىرنى قوشسا ئىككى بولىدىغانلىقى ئۆگىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئەڭ ئاددىي ماتېماتىكىلىق بىلىم نوقۇل بىلىم بېرىش يۈزىسىدىنلا ياكى مۇشۇ بىلىمنى سۆزلەش زۆرۈرىيىتىدىنلا ئۆگىتىلسە، بالىلار بۇ بىلىمنى مەڭگۈ دوگما ھالدا تەكرارلايدۇ. بالىلار شۇنداق بولۇشى كېرەكتەكلا ئويلايدۇ، ھەتتا بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئىككى تال بورنى ئېلىپ، بۇ ماتېماتىكىلىق بىلىمنىڭ توغرىلىقىنى بالىلارغا چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن. بۇلار بىزنى يەنىلا قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئاددىي ھەقىقەتنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇتقۇچىلار ئالدى بىلەن كۆرۈشى كېرەك بولغان ناھايىتى كەڭ بوشلۇق بار. مۇنداق قىياس قىلىپ باقايلى، زادى بۇ ماتېماتىكىلىق بىلىمنى بالىلارغا ئۆگىتىشتىكى مەقسەت نېمە؟ رېئاللىقنىڭ سانلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈش، كېيىن ئۆگىنىلىدىغان ماتېماتىكىلىق بىلىملەرگە ئاساس ھازىرلاش، ماتېماتىكىلىق تەپەككۇرنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى، ماتېماتىكا ئوقۇتۇشنىڭ ئېھتىياجى ... ۋەھاكازالار. دېمەكچىمەنكى، بۇ ماتېماتىكىلىق بىلىم ئەڭ ئاددىي بولغىنى بىلەن ئەتراپىدىكى سانلىق مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە غۇۋا ۋە مۇكەممەل بولمىغان قاراشقا ئىگە بالىلارغا تۈنجى قىلىپ چۈشەندۈرمەك ئەڭ قىيىن بىلىمدۇر. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى سوئاللارنى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرىغا سۇنىمىز. نېمە ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى كىشىلەر بۇ ماتېماتىكىلىق ھەقىقەتنى بىردەك قوبۇل قى-

لىدۇ ؟ بۇ بىلىمنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپتە ، قانداق ئېرىشىلگەنلىكىنى قىياس قىلىشنىڭ بالىلاردا ئىلىم ئېلىش ۋە ئىگىلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشتە ئەھمىيىتى بارمۇ ؟ بۇ ماتېماتىكىلىق بىلىمنىڭ بالىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار ، يەنى تۇرمۇشتا بار بىلەن يوقنىڭ ، بار بىلەن بارنىڭ قانداق مىقدارلىق ياكى سانلىق مۇناسىۋىتى بار ؟ دېمەك ، ئۆزى ئاددىي ۋە ساۋات خاراكتېرلىك ماتېماتىكىلىق سەزگۈنىڭ ۋە ئىپتىدائىي ئەقلىي ئانالىزنىڭ ئاساسى . ئىنسانلاردىكى ئەقىل ئورتاقلىقى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال قوبۇل قىلىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر . قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق تەجرىبىسى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بۇ بىلىم بىزگە ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ سانلىق مۇناسىۋەتلەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە تەپسىلىي ئويلىنىش ياكى ئۇنى نەزەرىيە سۈپىتىدە بالىلارغا چۈشەندۈرۈش مۇھىم ئەمەس ، مۇھىمى بالىلارغا بۇ ماتېماتىكىلىق بىلىم ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ ماتېماتىكا بوشلۇقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۇلارنىڭ كىچىككىنە بالىلار دۇنياسىدا تۇرۇپ ھېس قىلدۇرۇش : تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇرەككەپ ماتېماتىكىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە باشلانغۇچ قاراشقا ئىگە قىلىش . مۇشۇ خىلدىكى ئاددىي ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنى كەڭ ئارقا كۆرۈنۈش ۋە رېئال بوشلۇقتىن كۆزىتىشنى ۋە چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتۇش مەقسىتى قىلغان مائارىپتىن بەھرىمەن بولغان بالىلار كېيىن شۇنى يۈزە قىياس قىلالايدۇكى ، *تەبىئەتتىن ئېرىشمەكچى بولغان بىلىملەردە دەلىللىنىشى ، دەلىللەنگەن بىلىملەر چوقۇم قايتا ئىشلىتىلىشى كېرەك* .

بالىلارغا بىلىمنى قانداق ئۆگىتىشتە يەنە بىر مۇھىم ئامىل شۇكى ، ئۆگىتىلمەكچى بولۇنغان بىلىم ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشكەنلىكىدىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭ قوللىنىشىغىچە





بولغان پۈتكۈل جەريان سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك . بۇ تەبىئەتتىن ئىگىلەنگەن بىلىمنىڭ يەنە تەبىئەتكە قايتۇرۇلۇشىنىڭ ئوقۇتۇشتا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ . ئا . ن ۋايتخېد مۇنداق دېگەن : « مائارىپ بىلىمنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدىكى سەنئەتكە ئېرىشىشتۇر » ① ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، بىلىمنىڭ ئىشلىتىلىشچانلىقى ھەققىدىكى سەنئەتنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىش ھەقىقەتەن تەس . چۈنكى ، بەزى نەزەرىيۋى بىلىملەرنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياكى ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشچانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ . بەزى چاغلاردا ئەڭ ئاسان بىلىملەرنى ھەقىقىي رېئال قىممىتى بىلەن چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغىنىدەك ، ئابستراكت نەزەرىيىلەرنى رېئاللىققا قايتۇرۇشمۇ بىزنى ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار قىلىدۇ . بىرگە بىرنى قوشسا ئىككى بولىدۇ ، دېگەن ئاددىي ماتېماتىكىلىق بىلىمدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ گوگو تېئورېمىسىغا ئۇچراشقان ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن ، بۇ تېئورېما تولىمۇ ئابستراكت ۋە رېئال قىممىتى يوقتەك بىلىنىشى مۇمكىن . مۇشۇ خىلدىكى كۆپلىگەن بىلىملەرنىڭ ناھايىتى ئاسانلا ئۆلۈك بىلىم سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېڭىسىدە « توختاپ » قېلىشى ياكى دۆۋىلىنىپ تۇرۇپ قېلىشى كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسە . ئەگەر گوگو تېئورېمىسى بىر ـ بىرىگە باغلانغان ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنىڭ جۈملىدىن ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئېرىشىلگەن تەجرىبىلەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولمىغان بولسا ، ئۇنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى . لېكىن ، بىز رېئاللىقتا گوگو تېئورېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك شەكىللەردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قاچالمايمىز . ئەمىسە بۇ تېئورېمىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىشتىكى

① ئا . ن ۋايتخېد : « مائارىپنىڭ مەقسەتلىرى » ( ئىنگلىزچە ) ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1979 ـ يىلى ، 7 ـ نەشرى ، 19 ـ بەت .

مەقسەت نېمە ؟

بىزنىڭ مائارىپتا ھەپىلىشۋاتقىنىمىز پاسسىپ شەكىلدىكى بىلىم ئامبىرى ئەمەس ياكى كومپيۇتېرنىڭ ساقلاش سىستېمىسىمۇ ئەمەس ، بەلكى ئىنسانىنىڭ كاللىسى . شۇڭا ماتېماتىكا بىلەن رېئاللىق ، ماتېماتىكا بىلەن باشقا پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى پاسىلىنىڭ بۇزۇپ تاشلىنىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان سانلىق مۇناسىۋەتلەرگە ۋە ماتېماتىكىلىق شەكىللەرگە بولغان ھەقىقىي ۋە ئىلمىي قىزىقىشىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلغان . قىزىقىشنىڭ ، ھۆكۈمنىڭ ۋە مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلىش ئادىتىنىڭ قوزغىتىلىشى بىزدىن مەڭگۈ ئەمەلىيەتچىل مائارىپنى ۋە ئەمەلىيەتچىل ئوقۇتقۇچىنى تەلەپ قىلىدۇ . چۈنكى ، ئىنسان مېڭىسى ھەرگىز پاسسىپ بولماستىن ، بەلكى توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ، ئىنچىكە ، قوبۇل قىلىشقا ۋە قوزغىتىشقا مايىلدۇر . شۇڭا ، سىز سۆزلەۋاتقان تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق قىزىقىش شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قوزغىتىلىشى ، بالىلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ھەر قانداق ئامىل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ، بالىلارنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان تەسەۋۋۇرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ھەر قانداق سۆز ، ھەرىكەت ، شەكىل ۋە رەڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە نامايان قىلىنىشى كېرەك . مانا بۇ مائارىپنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن بولغان ئالتۇن قانۇنىدۇر .

بارلىق تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلارغا ئايان بولغىنىدەك ، مائارىپ سەۋرچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋە ئۈنۈمى نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن كۆرۈلىدىغان ئەقلىي پائالىيەتتۇر . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە بىلىم ئىگىلەشنىڭ ناھايىتى ئاسان يولى ياكى ئۇسۇلىمۇ بولغان ئەمەس . ھەممە بىلىم باشتىن ـ ئاخىر ، ئاساندىن قىيىنغا ، كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا يۈزلەنگەن ھالدا بىر مىنۇت ، بىر سائەت ، بىر كۈن ۋە بىر يىلنى بېسىپ ئۆگىتىلىدۇ ۋە ئۆگىنىلىدۇ .





بۇ جەرياندا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بالىلار ۋە بالىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا توختىماستىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەقلىي دىئالوگ بالىلارنى تەبىئەت بىلەن بولىدىغان ھەم قىيىن ، ھەم ئەھمىيەتلىك دىئالوگقا باشلايدۇ . دېمەكچىمەنكى ، گۇگۇ تېئورېمىسىنى ئوقۇتۇشتىكى مەقسەت ھەرگىزمۇ ماتېماتىكا بىلىملىرى سىستېمىسىدىكى مەلۇم بىر بىلىمنى نوقۇل ھالدا يەتكۈزۈش ئەمەس ياكى بۇ بىلىمنى ئوقۇغۇچىلارغا ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى رايونىغا مەجبۇرىي كىرگۈزۈشمۇ ئەمەس ، بەلكى ئوقۇغۇچىلارغا بۇ تېئورېما ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن تەبىئەتنى قانداق كۆزىتىشنى ئۆگىتىشتۇر .

بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى نۆۋەتتە دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىمىزدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى پەنلەر ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت . گەرچە بىزگە ھەربىر پەننىڭ باشقا پەنلەردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلۈشى ئەقىلگە مۇۋاپىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن بىز ئېرىشكەن بىلىملەر ھاياتنىڭ خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ، مەزمۇنىنىڭ ، ئۆلچەملىرىنىڭ ۋە قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە نامايان قىلىنىشىدۇر . ئەگەر بىز ئالگېبرانى ئالگېبرا ئۆتۈش ئۈچۈنلا ئۆتسەك ، ئالگېبرا ئىنتايىن ئاز ساندىكى سەۋرچان ۋە تىرىشچان ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىنتايىن مەززىسىز ۋە قىلچە رېئاللىق تۇيغۇسى بولمىغان سانلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىدەك بىلىنىشى مۇمكىن . تارىخ دەرسى ئەگەر ئۆلۈك ۋەقەلەر تىزمىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلسا ، ئوقۇغۇچىلار يىلنامىلەر بىلەن ۋەقەلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن باشقا ھېچقانداق يېڭىلىق ھېس قىلمايدۇ . فىزىكا دەرسى ئەگەر فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەرنى يەتكۈزىدىغان ۋاسىتىگە ئايلىنىپ قالسا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزىرى چەكسىز كائىناتقا ۋە

فىزىكىلىق بوشلۇققا ئەمەس ، بەلكى كىتاب يۈزىگە مەركەزلىشىپ
قالىدۇ . نەتىجىدە ، ئوقۇغۇچىلاردا بۇ بىلىملەرنىڭ ئەمەلىيەتچان-
لىقىغا قارىتا گۇمان قوزغىلىدۇ . تېخىمۇ يامىنى ، ئوقۇغۇچىلاردا
يېتىلدۈرۈلمەكچى بولغان فىزىكىلىق بوشلۇق چۈشەنچىسى بۇر-
مىلىنىپ كېتىدۇ . ئەدەبىيات دەرسى ئەگەر رېئاللىققا قارىتا ئىجا-
بىي ۋە سەلبىي ئۆلچەمدە مۇئامىلە قىلسا ، ئۇ ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ
ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ ، خۇددى بىراۋ تەرىپىدىن باشقۇرۇ-
لۇۋاتقان ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇققا ئوخشاپ قالىدۇ . بىز بۇلاردىن
ھاياتنىڭ بىزگە كۆندە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ھەقىقىي قىياپىتىنى
ۋە مەنىسىنى كۆرەلەمدۇق ، كۆرەلمەمدۇق ؟
ماتارىپ ئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان ۋە يېتىلىدىغان مەدەنى-
يەت يۇقىرىقى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا يىگىلەپ قالىدۇ . مەدەنىيەت
تولىمۇ ئاددىي ۋە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىدۇ . بىز رېئاللىقتا
كۆپ خىل بىلىملەردە ئەكس ئەتكەن مۇرەككەپ مەدەنىيەت
مۇھىتىدا ياشايمىز ، شۇڭا ھەرقانداق شەكىلدىكى بىر تەرەپلىمە
ۋە باغلىنىشسىز بىلىم بىزنىڭ رېئاللىق چۈشەنچىمىزگە ۋە مەدە-
نىيەت ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . ئوقۇغۇچىلارغا رېئاللىق-
نىڭ تولۇق كۆرۈنۈشى ۋە ھەقىقىي قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن ماتارىپ لازىمكى ، ھەرگىزمۇ سۇنۇپ پارە – پارە بولۇپ
كەتكەن كۆرۈش ئەينىكىدىن رېئاللىقنى كۆرۈشنى تەرغىب قى-
لىدىغان ماتارىپ لازىم ئەمەس . ماتارىپنىڭ يەنە بىر رولىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا ، ماتارىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى
كۆرىدىغان پۈتۈنسۈرۈك ئەينەك بىلەن تەمىنلەيدۇ . ئۇنداق
بولمىسا ، ماتارىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېئاللىقنى كۆزىتىش ، تەن-
قىدىي قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يەتمەكتە
يوق ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېئاللىقنى كۆزىتىشتىكى **خاتا كۆرۈش
نۇقتىسى ۋە خاتا قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىسىدا بارلىققا كېلىدىغان
بىنورمال ئۆزگىرىش ئۇرۇشىدەك** ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ





بارىدۇ . مۇھىم مەسىلە شۇكى ، گەرچە ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەك-
تەپكە چىققاندا يەككە كەسپلەرنى تاللىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ
ئەڭ ئاخىرىدا قايتىدىغىنى يەنىلا كۆپ خىل پەنلەرنىڭ شەرھلى-
نىشتىن ئۆتۈش كېرەك بولغان پۈتۈنسۈرۈك رېئاللىق ، ئوقۇغۇ-
چىلار ئۆزىگە خاس دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسىدا ئۇنىڭ
يەككە ھالەتتىكى ئايرىم – ئايرىم پارچىلىرىنى قانداق قىلىپ
بىرلەشتۈرۈشنى بىلمەيۋاتقان ۋاقتىدا ، ئۇلارغا كېرىكى دۇنيانىڭ
كۆپ خىل نۇقتىدىن شەرھلەنگەن بىرقەدەر رېئال تەسۋىرىدۇر .
ماتارىپ پسىخىكىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئەڭ ئىدېئال
دەرس ئاڭلاش ئۇسۇلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىۋاتقانلىقىدەك
ئالاھىدە مۇھىتنى ئۇنتۇپ ، بىلىم ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈۋاتقان ۋە
قۇرۇلۇۋاتقان ھەقىقىي ھاياتتا ۋە دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك ھېس قى-
لىشىدۇر . ياكى بىر قەدەر تۆۋەن تەلەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ،
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم نەرسىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى
ئازادە كەيپىياتتا سېزىشىدۇر . ئەنە شۇ چاغدىلا ئوقۇغۇچىلار بى-
لىم ئېلىش جەريانى بارلىققا كەلتۈرگەن رېئاللىقتا ياشايدۇ . بىز-
نىڭ تەكىتلەۋاتقىنىمىز دەرسلىكتىكى بىلىم بىلەن ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى پاراللېل مۇناسىۋەت
ھالىتى ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ماتارىپ مۇھى-
تىدىكى كىرىشىش ھالىتىدۇر . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، كىتاب-
تىكى بىلىملەرنى ئۇلارنىڭ ھاياتلىق شەكلىگە ئايلاندۇرۇش .
شۇنىسى ئېنىقكى ، ھاياتنى ماتارىپنىڭ ھەرقانداق پروگرامى-
لىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىنتايىن قىيىن . لېكىن شۇنىمۇ تە-
كىتلىمەي بولمايدۇكى ، ماتارىپ ئوقۇغۇچىلارنى مەركەز قىلىشى
كېرەك بولغاچقا ، ماتارىپ ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتا ئەركىن تاللاش
ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك . ئوقۇغۇچى-
دىن ئىبارەت بۇ مەركەز ھەرگىزمۇ يەككە – يېگانە مەركەز ئە-
مەس ، بەلكى ئۆزىدە ئۇرغۇپ تۇرغان يوشۇرۇن ئىجادىي ئىق-

تىدارى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ پاراسەتلىك يېتەكلىشىگە باغلانغان مەركەزدۇر . شۇڭا ، مائارىپ پائالىيىتىدىكى دىئالوگ — ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىل ۋە ھېسسىيات تەربىيىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان دىئالوگ مائارىپنىڭ قەدىمىي ئەندىزىسىنى ۋە ئوقۇتۇش شەكلىنى بەرپا قىلغان . ۋەھالەنكى بۇ دىئالوگ قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە پۈتكۈل مائارىپ پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئەمەلىي ، شۇنداقلا ئەڭ نازۇك ھەم ئەڭ قىيىن نۇقتىسى بولۇپ كەلمەكتە . تۆۋەندە بىز ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىنىڭ بىر سائەتلىك ئەدەبىيات دەرسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بۇ دەرسنى يۇقىرىقى قاراشلىرىمىز بويىچە مۇھاكىمە قىلىمىز .

ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرىپ ئويۇنچۇقلىرى بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن بالىلارغا بىر قۇر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن ، ئۇلاردىن :

— بالىلار ، بۈگۈن بىز قىزىقارلىق ئويۇن ئوينايمىز ، ئويناشنى خالامسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

بالىلار ئويۇنچۇقلىرىنى يېنىغا قويۇپ قويۇپ ، يېڭىۋاشتىن تېتىكلەشتى ۋە بۈگۈن زادى قانداق ئويۇننىڭ ئوينىلىدىغانلىقىغا قىزىقىپ بىر پەس جىم بولۇپ قالدى .

ئوقۇتقۇچى ئارقىدىنلا :

— بالىلار ، قېنى قايسىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ سايىسىنى تاپالايسىلەر ؟ — دېۋېدى ، بالىلار چۇرقىراشقىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ سايىسىنى ئالدىراشلىق بىلەن ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى . ئۇ كۈنى قۇياش نۇرى سىنىپنى يوپيورۇق يورۇتۇپ تۇرغاچقا ، بالىلار ئۆزلىرىنىڭ سايىسىنى ئانچە قىينالمايلا تاپتى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن خۇددى سىنىپنى كۆتۈرۈۋېتىدىغاندەك ۋارقىرىشىپ كەتتى :





— مەن تاپتىم !

— مەنمۇ تاپتىم ، مانا مېنىڭ سايەم ، كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ .

— ئاۋۋال مېنىڭكىنى كۆرۈڭ !

مۇئەللىم ئۇلارنىڭ سايىسىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرگەندىن كېيىن :

— بالىلار ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆگەنمەكچى بولغان سۆزىمىز دەل سايىدۇر ، — دېدى ۋە دوسكىغا يوغان قىلىپ « سايە » دېگەن خەتنى يازدى .

— ئەمدى ئويۇنىمىزنى تالادا داۋاملاشتۇرايلى ، يۈرۈڭلار ، — ئوقۇتقۇچى بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ، مەكتەپ ھويلىسىدىكى بۈككىدە دەرەخلىك ئارىسىدىكى كىچىككىنە سەينادا توختىدى .

— بالىلار ، ئەمدى دەرەخلەرنىڭ سايىسىنى تېپىپ بېقىڭلار ، — دېدى ئوقۇتقۇچى .

بالىلار دەرەخلەرنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، بەس ـ بەستە چۇرقىرىشىپ كەتتى :

— مانا ، مەن تاپتىم !

— مانا مەنمۇ تاپتىم ! كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ !

— ئەمدى گۈللەرنىڭ سايىسىنى تېپىپ بېقىڭلار .

بالىلارنىڭ قىزغىن ۋە شاد ـ خۇرام ئاۋازى ئىچىدە دەرس داۋام قىلماقتا ئىدى . ئوقۇتقۇچى تۇيۇقسىزدىنلا « غەلىتە » سوئال سورىدى :

— قېنى قايسىڭلار دەپ باقسىلەر ، سايە قانداق پەيدا بولىدۇ ؟

ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالى بالىلارغا دەماللىققا تەس بىلىندى . چۈنكى ، ئەمدى بالىلار سايىنى كۆزى ئارقىلىق ئەمەس ،

بەلكى « قەلب كۆزى » ئارقىلىق كۆرەلىشى كېرەك ئىدى. شۇ ئارقىلىق بالىلاردىن بۇ يەردىكى « كىچىككىنە » قانۇنىيەتنى بىلىش تەلەپ قىلىناتتى.

— سايە دەرىسخانىدا پەيدا بولىدۇ، — دېدى بىر ئوغۇل بالا ئالدىراپ.

— ياق، سايە دەرىسخانىدىمۇ، تالاغا چىققاندىمۇ پەيدا بولىدۇ، — دېدى يەنە بىر قىز ئۇنىڭ جاۋابىغا رەددىيە بېرىپ.

— ياخشىراق ئويلاپ بېقىڭلار، — دېدى ئوقۇتقۇچى سەۋرچانلىق بىلەن، — نېمە ئۈچۈن دەرىسخانىدىمۇ، تالادىمۇ سايىمىزنى ۋە دەرەخلەرنىڭ، گۈللەرنىڭ سايىلىرىنىمۇ كۆرەلەيمىز. بۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟

بالىلار تېڭىرقىغىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئوقۇتقۇچى ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئەمىسە مۇنداق ئويلاپ بېقىڭلار، قانداق ئەھۋال ئاستىدا سايە پەيدا بولمايدۇ، يەنى سايەڭلەرنى كۆرەلمەيسىلەر؟

— ئۇخلىغاندا، — ساۋاقدىشىنىڭ جاۋابى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

ئارىدىن بىر قىز سەل دېلىغۇلراق ئاۋازدا:

— قاپقاراڭغۇ كېچىدە سايىمىزنى كۆرەلمەيمىز، — دېدى.

ئوقۇتقۇچى بۇ قىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ:

— جاۋابىڭىز توغرا. ئۇنداق بولسا قانداق ئەھۋالدا سايىمىزنى كۆرەلەيدىكەنمىز؟ بۇنى سىز ئاپايا ئېيتقىنىڭىز بويىچە دەپ بېرەلەمسىز؟ — دېدى.

قىز بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— كۈندۈزى قۇياش چىققاندا سايىمىزنى كۆرەلەيمىز، — دېدى.





— شۇنىڭ ئۈچۈن سايىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بىز نېمىگە موھتاج؟

يۈزلىرىنى سەپكۈن باسقان بىر بالا قىزنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەيلا:

— قۇياشقا ۋە يورۇقلۇققا، — دەپ توۋلىدى.

ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلەنگەن تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— جاۋابىڭلار تولىمۇ توغرا. سايە مەلۇم جىسىم نۇر بىلەن ئۇچراشقاندا پەيدا بولىدۇ. سايىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ نۇر جىسىم ياكى نەرسە تەرىپىدىن توسىلىپ قېلىشى سەۋەب بولغان. بۈگۈن سىلەر تەبىئەتتىكى مۇھىم بىر ھادىسىنى كۆزىتىۋاتىسىلەر. ئەمدى مەن سىلەردىن ئاخىرقى قېتىم مۇنداق بىر سوئالنى سورىماقچى، سوئالىم يەنىلا سايە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قېنى قايسىڭلار كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشىنى چۈشەندۈرۈپ باقىسىلەر؟

بۇ ئويۇنغا ناھايىتى قىزغىن قاتنىشىۋاتقان ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىۋاتقان بالىلار سايە بىلەن كېچە - كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشىدىن ئىبارەت تەبىئەت ھادىسىسىنى بىر - بىرىگە باغلىيالمايۋاتاتتى. ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باستى. ئوقۇتقۇچى سومكىسىدىن ئالدىن تەييارلىۋالغان كىچىك گلوبۇسنى ئېلىپ، بالىلارغا كۆرسەتتى ۋە:

— قېنى قايسىڭلار بۇ گلوبۇستىن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنى تاپالايسىلەر؟ — دېدى.

بالىلار چۇرقىراشقىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ مۇئەللىمنى ئورىۋالدى. ئۇلار گلوبۇسنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنى تاپتى. ئوقۇتقۇچى گلوبۇسنىڭ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى جايلاشقان قىسمىنى قۇياشقا يۈزلەندۈرۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئامېرىكىدا ھازىر ئەتىگەن سائەت ئون بولدى . شۇڭا ، قۇياش نۇرى سەل قىيپاش چۈشۈۋاتىدۇ ، بۇ تەرەپكە قاراڭلار ، — دېدى ئوقۇتقۇچى گلوبۇسنىڭ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى جايلاشقان قىسمىنىڭ ئارقىسىغا جايلاشقان قىسمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — گلوبۇسنىڭ سايە چۈشكەن بۇ قىسمىدىكى دۆلەتلەردە ھازىر كېچە . چۈنكى ، يەر شارىنىڭ ماۋۇ قىسمى قۇياش نۇرىنى توسۇۋالغاچقا ، سايە شەكىللىنىدۇ يەنى كېچە بولىدۇ .مەن سىلەرگە يەنە بىر قىزىقارلىق ھادىسىنى سۆزلەپ بېرەي ، يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىپ توختىماستىن ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاچقا ، يورۇقلۇق بىلەن سايە ماس قەدەمدە ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ . يەر شارىنىڭ قۇياشقا يۈزلەنگەن قىسمىدا كۈندۈز بولسا ، قۇياش نۇرى توسۇۋېلىنغان قىسمىدا كېچە بولىدۇ ، مانا مۇنداق ... قېنى قايسىڭلار بۇنى سىناپ باقىسىلەر ؟

بالىلار گلوبۇسنى تالىشىپ كەتتى . ئۇلارغا بۇ يېڭى بىلىم تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلۇۋاتاتتى . بالىلار گلوبۇسنى پىرقىرىتىپ ، كېچە بىلەن كۈندۈز ۋە يورۇقلۇق ( نۇر ) بىلەن قاراڭغۇ ( سايە ) ھەققىدىكى بىلىم ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىققا ۋە قىزغىنلىققا چۆمگەنىدى .

— بالىلار ، ئەمدى سىنىپقا قايتايلى ، — دېدى ئوقۇتقۇچى .

دەرسخانىغا كىرىپ ، ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ئابايىقى خۇشاللىقلىرى تېخىچە بېسىقمىغاچقا ، كۆزلىرىدىن شادلىق نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى .

— بۈگۈن ئۆگەنگەن بىلىملىرىمىزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭلارمۇ ؟ — دېدى ئوقۇتقۇچى .

— چۈشەندۇق .

— ئەمىسە دەرس ئاخىرلاشتى . كېلەر سائەتتە يەنە تېخىمۇ قىزىقارلىق سۆز ئويۇنى ئوينايمىز . كېلەر سائەتتە كۆرۈ-





شەيلى . خەير - خوش .

دەرس ئاخىرلاشتى .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، بۇ بىر سائەتلىك ئەدەبىيات دەرسى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىڭ ئۈلگىسىدۇر . ئوقۇتقۇچى بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگنىڭ بالىلار بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەھمىيەتلىك دىئالوگقا ئايلاندۇرۇلۇشى بىزگە بالىلارغا بىلىمنى قانداق ئېلىشنى ئۆگىتىش ۋە ئالدىنقى بىلىمنى بالىلارغا قانداق يەتكۈزۈشتە يېڭى كۆرۈش نۇقتىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ .

« سايە » بىز ھەركۈنى كۆرۈپ ئادەتلەنگەن ئەڭ ئاددىي تەبىئەت ھادىسىسىدۇر . ۋەھالەنكى ، خۇددى ۋات كىشىلەر كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان ، لېكىن دىققەت قىلمايدىغان « پار » ھادىسىسىنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنى پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى بايقىغىنىدەك ، بۇ بىر سائەتلىك دەرستە ، پاراسەتلىك ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيىسىگە ئىگە ئوقۇتقۇچى ئادەتتىكى « سايە » ھادىسىسىنى كائىناتتىكى « سايە » گە — يەر شارى بىلەن قۇياشنىڭ ھەرىكەت مۇناسىۋىتىدىن شەكىللەنگەن « سايە » گە ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كېڭەيتكەن . بىلىم ساماۋى كۆكنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلىرىغا يوشۇرۇنغان سىرلىق نەرسە ئەمەس ياكى ئۇ مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىمۇ ئەمەس . بەلكى ئۇ ھەر ۋاقىت بىز بىلەن بىللە — پۈتكۈل ھاياتلىق پائالىيەتلىرىمىزگە ئارىلىشقلىق . ئەدەبىيات ، فىزىكا ۋە ئاسترونومىيە پەنلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپتىكى چەك - چېگرىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئارقىلىق بىلىم بېرىش مەقسەت قىلىنغان بۇ بىر سائەتلىك دەرستىن بىز شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزدىكى ، ئەڭ ياخشى مائارىپ دەل ئەڭ ئاددىي ئىسۋابلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ھاياتىي كۈچكە ئىگە مائا-

رىيتۇر .

شۇنىسى ئېنىقكى ، بۇ بىر سائەتلىك دەرس بالىلارغا تەبىئەتنىڭ گارمونىيىلىك جەريان ئىكەنلىكىنى تونۇتقاندىن سىرت ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مەڭگۈلۈك مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ . دېمەك ، بالىلار بۇ دەرس ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىم خۇددى پۈتۈنسۈرۈك كۆرۈش ئەينىكىگە ئوخشاش يەر شارىدىن تارتىپ ئالەمگىچە بولغان مەۋجۇداتلار ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شۇڭا ، دەرسخانىدىكى « قۇيۇپ قويۇش » شەكلىدىكى ئۆلۈك ئوقۇتۇشتىن مۇستەسنا بولغان بۇ بىر سائەتلىك دەرس بالىلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلماس « سايە » سىنى چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ . بۇ يەردە بىز يەنە ۋايتخېدنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالىمىز : « مائارىپنىڭ بىزگە بېرىشى كېرەك بولغىنى ئىدىيىلەرنىڭ كۈچىگە ، ئىدىيىلەرنىڭ گۈزەللىكىگە — ئىدىيىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ، شۇنداقلا مەۋجۇداتلار ئىگە بولغان ھاياتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تەدبىقلانغان بىلىمنىڭ گەۋدىسىگە بولغان يېقىنلىق سەزگۈسىدۇر . »①

بالىلار مائارىپى مەۋجۇداتلارنىڭ رېئال مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق تەبىئەت ۋە ھاياتلىق ھەقىقەتلىرىنى يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلغاندىلا ، بالىلار بىلەن بىلىم ، بالىلار بىلەن تەبىئەت ، بالىلار بىلەن مائارىپ ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىش ھادىسىسىنى يوقاتقىلى بولىدۇ . لېكىن ، ئىدىيىلەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى مائارىپتىن تېخىمۇ يۇكسەلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن مەدەنىيەت مائارىپىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئەمدىكى مەسىلە ئىدىيىلەر قۇرۇلمىسىنىڭ كونكرېت شەكىللىرىنىڭ بالىلارنىڭ ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يۈزلىنىشىدۇر . چۈنكى ، بىزنىڭ ما-

① يۇقىرىقى كىتاب ، 87 ـ بەت .





ئارىپتىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزى ياشاۋاتقان ھاياتلىق ئالەمى ھەققىدە سىستېمىلاشقان ، ئۆزئارا باغلانغان ئىلمىي كۆزقاراشقا ئىگە قىلىشتۇر . ئىنسانلارنىڭ بىلىم ئېلىش جەريانى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئادەم مېڭىسى كونكرېت قۇرۇلما بىلەن ئابستراكت ئىدىيىلەرنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت ئىقتىدارنى ھازىرلىغان . مائارىپ تەجرىبىسى مول ئوقۇتقۇچىلارغا شۇ نەرسە ئايانكى ، ئوقۇغۇچىلارغا يۇقىرى يىللىقتا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى كونكرېت بىلىم شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ يەتكۈزۈشى ئىنتايىن قىيىن ۋە زىل . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پاكىتلارنى ئانالىز قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش مائارىپ پرىنسىپىنىڭ تەلىپىدۇر .

ئوقۇغۇچىلاردا تەبىئەتتىكى ھادىسىلەرنىڭ كونكرېت مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئىلمىي تەسەۋۋۇر ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇرەككەپ قۇرۇلمىسىنى يىغىنچاقلىيالايدىغان ۋە ئانالىز قىلالايدىغان ئابستراكت تەپەككۇر قابىلىيىتى مۇناسىپ ۋە ئەقلىي مۇۋازىنەت ھالىتىنى ساقلىيالىشى كېرەك . ئۇنداق بولمىغاندا ، مائارىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىنىڭ رېئاللىقنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشىنىشنى زىيادە ئاددىيلىققا ، ئەجەللىك كونكرېتلىققا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ كاللىسىنى رېئاللىقنىڭ كونكرېت ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە قىلچە ياردەم بېرەلمەيدىغان « قىممىتى يوق » ئابستراكت ئىدىيىلەرگە تولدۇرۇپ قويىدۇ . مائارىپتىكى مەغلۇبىيەت كۆپىنچە ھاللاردا كونكرېتلىق بىلەن ئابستراكتلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىنماسلىقىدىن كېلىپ چى-

قىلىدۇ. گەرچە بىز ئابستراكتلىقنىڭ بىزدە كونكرېتلىق ئارقىلىق ھەل قىلىنىش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقمىساقمۇ ( يۇقىرىقى بىر سائەتلىك ئەدەبىيات دەرسى قارىشىمىزنى ئىسپاتلىيالايدۇ ) ، ئابستراكتلىقنىڭ كونكرېتلىق تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ كېتىشىنى مائارىپ ئوقۇتۇشىدا زىيانلىق دەپ قارايمىز . شۇڭلاشقا ، جۇغراپىيە پېنىدىكى يەر شارى بىلەن قۇياشنىڭ مۇناسىۋىتى فىزىكا پېنىدىكى ئالەملىك تارتىلىش كۈچى قانۇنىيىتى بىزدىن ئوخشىمىغان ۋە يېڭىلىق روھىغا باي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەلەپ قىلىدۇ . ئابستراكتلىق ئۆز نۆۋىتىدە رېئاللىقىمىزنىڭ يەنە بىر ھەقىقىي يۈزى بولغاچقا ، ئۇنىڭ مائارىپ ئارقىلىق ئاكتىپ مەدەنىيەت ئېڭىغا كۆتۈرۈلۈشى ئىنتايىن مۇھىم . چۈنكى ، ئوقۇغۇچىلار ئۆز نۆۋىتىدە مەۋھۇملۇق ، ئېنىقسىزلىق ۋە يۈكسەكلىك تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشى ، شۇ ئارقىلىق كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان رېئاللىقتىن تارتىپ تاكى پەقەت قەلب بىلەنلا سەزگىلى بولىدىغان مەۋجۇتلۇق ھالەتلىرىگىچە بولغان ئادەمنىڭ پۈتكۈل رېئاللىقىنى تۇيالايدىغان ، قىياس قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىشقا قىزىقىدىغان بولۇشى كېرەك .

مائارىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ . مائارىپنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئوخشاش رىتىمدا ۋە سىستېمىدا ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيىلەش يۈنىلىشى ئۇلارنىڭ ئىدىيە قۇرۇلمىسىنى ئاستا ـ ئاستا يېتىلدۈرۈپ چىقىدۇ . ۋەھالەنكى ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزىدە قايسى خىلدىكى ئىدىيە قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى تاللىۋالمىغىنىدەك قايسى خىلدىكى ئىدىيە قۇرۇلمىسىنىڭ كاللىسىدا ئورنىشىپ قالغانلىقىنىمۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىلەلمەيدۇ . تەربىيىلەنگۈچىلەردە قەدىمدىن تارتىپ مائارىپقا قارىتا سەممىي ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بار . چۈنكى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىۋاتقان بىلىملىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىسىدە ۋە دەلىللىنىشىدىن ئۆتكەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ . ۋە-





ھالەنكى ، نۆۋەتتىكى بىزنىڭ مائارىپىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى مائارىپ ئارقىلىق تەربىيىلەنگەن ۋە تەربىيىلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇ ئىشەنچىسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق مائارىپنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا قانداق ئىدىيە قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى .

ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا رېئاللىقنى تىل ۋە بايانچىلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىشنى ئۆگىتىش شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى ، ئارزۇلىرى ۋە كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەشتە ئەدەبىي ئۆلچەم ۋە شەكىل بىلەن تەمىنلەشتۇر . بايانچىلىق ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىدا بىزگە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى پېرسوناژلار ئوبرازى تەھلىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدۇر . ئەدەبىيات ئۆز نۆۋىتىدە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنى يېزىش ئوبيېكتى قىلغاچقا ، ئوبيېكت بىلەن ئۇنىڭ ھاسىلاتى بولغان ئەدەبىيات شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئۇچراشقان پېرسوناژلارنىڭ رېئال ئىكەنلىكىگە بولغان ئارزۇسىنى قوغداپ قېلىشنى خالايدۇ ، ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا پېرسوناژ ئامىلىنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېئاللىق ۋە ئادەم ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلار ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان « ئادەم » تەھلىلىنىڭ ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشىنىڭ ئۇزاق يىللىق تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ . كېيىنچە شۇ نەرسىنى كېچىكىپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىزكى ، بىز مەكتەپتە ئەدەبىيات دەرسى ئارقىلىق ئۆگەنگەن تېكىستلەر ۋە ئۇلاردىكى « ئادەملەر » مائارىپ تەرىپىدىن پۈتۈنلەي

ساختا « تىل ئويۇنى » نى ۋە « چىرايلىق كىيىندۈرۈلگەن
قورچاق » لارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان . دېمەك ، بىزگە ھەقىقىي
رېئاللىق تۈسى ۋە تەسىراتى بېرەلمەيدىغان ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى
بىزنىڭ رېئاللىق سەزگۈمىزنى يېگىلىتىپ قويغانىنىڭ ئۈستىگە ،
ھەتتا بىزنىمۇ رېئاللىقتىكى چىرايلىق « قورچاقلارغا » ئايلاندۇ-
رۇپ قويغان . ئەلۋەتتە ، ئەدەبىيات دەرسلىكىگە تاللانغان تې-
كىستلەرنىڭ ھەممىسى بىزدە ھەقىقىيلىق ۋە رېئاللىق تۇيغۇسى
قوزغىمىسىمۇ ، بىز ماتېماتىكىلىق ھەقىقەتلەر ، فىزىكىلىق ۋە
خىمىيىلىك ئۆلچەم ھەم قانۇنىيەتلەرنىڭ بىزدە قوزغايدىغان ئې-
شەنچىنىڭ ئىنېرتسىيە كۈچى سەۋەبىدىن ئەدەبىيات دەرسىدە
سۆزلىنىۋاتقان « رېئاللىق » قىمۇ چىن پۈتۈشكە ئادەتلەنگەن .

ئىجتىمائىيلىقى باي ۋە خاراكتېرى كۆپ قىرلىق ئادەمنى
ياكى ئەدەبىياتتىكى « ئادەم » نى ئىنتايىن تار ، خاتا ۋە بىر تە-
رەپلىمە بولغان ئىجابىي ـ سەلبىي ئوبرازلار سىستېمىسى بويىچە
بىر تەرەپ قىلىش ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى ئەجەللىك كەمچىل-
لىك بولۇپ تۇرماقتا . نەتىجىدە ، ئوقۇغۇچىلار مانا مۇشۇ كىچىك
ۋە خاتا كۆزۈنەك ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ئادەملەرنى ۋە ئۆز رې-
ئاللىقىنى كۆزىتىدۇ . بۇ سىستېما بىزگە چۆچەكلەرنىڭ ئادەم-
لەرنى ياخشى ۋە ياماندىن ئىبارەت قەدىمكى ئېتىكىلىق قارىشى ۋە
ساددا تەسەۋۋۇرىنى ئەسلىتىدۇ . مائارىپىمىزنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ
پۇچقاقلىرىغا يامراپ كەتكەن بۇ خىل « سىستېمىلىق » بولۇش
ئۇسۇلى ۋە تەييار « قېلىپ » ئوقۇغۇچىلاردا ئۇزاق مۇددەتلىك
ئەدەبىيات مائارىپى ئارقىلىق مۇنداق قاراشنى ناھايىتى ئاسانلا
ئۇلارنىڭ كاللىسىدا « چۆكمىلەندۈرۈپ » قويىدۇ . بارلىق ئا-
دەملەر ئىككىلا كاتېگورىيىگە مەنسۇپ : ياخشى ـ يامان ، ياخشى
ئادەملەر مۇتلەق ياخشى ، يامان ئادەملەر مۇتلەق ئەسكى بولىدۇ .
يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇرۇش تارىخىدىن بىزگە ئايانكى ،
ئۆيدىكى كۆيۈمچان دادا ، مەھەللىدىكى دېموكراتىيىنى قوللايدى-





غان ئەر ۋە خىزمەتتىكى ئەستايىدىل باشقۇرغۇچى ئۇرۇشنىڭ
چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ، بىر كېچىدىلا قاتىلغا ئايلىنالايدۇ .
بەلكىم ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندە ، ئۆزلىرى بېسىۋالغان را-
يونلاردىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى باللىرىغا مېھرىبانلىق
بىلەن تەقدىم قىلىشى ياكى ھەربىي ئىشغالىيەت قوزغىغان غالى-
بىيەت شادلىقلىرىنى ئۇنتۇلۇسىز قىسسىلەردەك سۆزلەپ بېرىشى
مۇمكىن .

ھەتتا ئەسەر ئاپتورىمۇ ئاتالمىش ئىجابىي ـ سەلبىي كا-
تېگورىيىنىڭ قايسى تۈرىگە سېلىشنى بىلمەيدىغان ياكى سې-
لىشنى خالىمايدىغان پېرسوناژلىرىنى — ئۆزى رېئال دەپ قارال-
غان « ئادەملەر » نى — بىزنىڭ مائارىپىمىز ناھايىتى ئاسانلا بىر
تەرەپ قىلىۋاتىدۇ . مەسىلىنىڭ ئەڭ مەسخىرىلىك يېرى شۇكى ،
بۇ خىل سىستېما مائارىپىدا تەربىيىلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆز
ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ نەزەرىدە ئىجابىي ۋە سەلبىي كاتېگورى-
يىدە — ياخشى ئوقۇغۇچى ۋە ناچار ئوقۇغۇچى — ئۆلچىنىش
تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . ھەتتا ، ئەدەبىي تەنقىدچىلى-
كىمىزگىچە يامراپ كەتكەن ئاتالمىش « ئىجابىي ـ سەلبىي »
تەھلىل ئۇسۇلى مەكتەپتىن جەمئىيەتكىچە بولغان پۈتكۈل ئەق-
لىي تۇرمۇشىمىزنى رېئال ئادەم چۈشەنچىسى بىلەن ئەمەس ،
بەلكى ئادەمنىڭ ئىسكىلىتتىنلا تۈزۈلگەن ئوبرازى بىلەن تەمىن-
لەپ كېلىۋاتىدۇ . بىز ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىمىزنى ۋە ئۇ-
نىڭ خاراكتېرىنى مۇشۇ سىستېما ئاساسىدا قۇرۇۋاتىمىز . بۇ
سىستېما بىزنىڭ ئادەم ھەققىدىكى ھەرقانداق باھايىمىزنىڭ ئۆل-
چىمىگە ئايلاندى ، مانا مۇشۇ يوچۇقتىن بىز مەڭگۈ كونترول
قىلالمايدىغان ۋە چۈشىنەلمەيدىغان تاشقى دۇنياغا قاراۋاتىمىز .
ئەپسۇسلىنارلىقى ، بۇنى رېئاللىقنى كۆزىتىش جەريانى دېگەندىن
كۆرە ، رېئاللىقنى « ماراش » ئۇسۇلى دېگەن تۈزۈك .

ئاتاقلىق تىل ئۇستىسى ، 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى-

نىڭ پېشۋاسى زۇنۇن قادىرىنىڭ مەن ياخشى كۆرىدىغان ھېكايىسى « ماغدۇر كەتكەندە » بىزنىڭ « ئىجابىي ، سەلبىي » كاتېگورىيىمىزنىڭ نەقەدەر بىچارىلىك بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ . مەزكۇر ھېكايىدىكى باقى ئالدى بىلەن 40 ـ يىللاردىكى ھەقىقىي ئادەمدۇر . بىز شۇنى سورىماي تۇرالمايمىز كى ، باقى ئىجابىي پېرسوناژمۇ ياكى سەلبىي پېرسوناژمۇ ؟ ئېنىقكى ، سوئالىمىزنىڭ جاۋابى ئانچە ئاددىي بولمىسا كېرەك . زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايىسىدىكى رېئاللىق ھەقىقىي بولغاچقا ، بىزنىڭ باقى ئوبرازىنى ھەرقانداق شەكىلدىكى تار ۋە دوگما كاتېگورىيىگە تەۋە قىلىش ئۇرۇنۇشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتسىز بولۇپ چىقىدۇ . چۈنكى ، رېئاللىق ۋە ئۇنىڭدىكى ئادەمنىڭ ئىپادىلىنىشى ھەرقانداق شەكىلدىكى تارايتىش ، مەقسەتلىك كاتېگورىيىلەش ۋە كونترول قىلىش ئۇسۇللىرىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ .

« ماغدۇر كەتكەندە » ھېكايىسىدىكى باقىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقىي تەقدىرى ، دېيىشكە بولىدۇ . ياكى كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ھېكايىدە ئادەمنىڭ ياشاش ھالىتى ۋە تەقدىرى ئىپادىلەنگەن ، ھاياتنىڭ كىچىككىنە ئۆزگىرىش ئادەمنىڭ پۈتۈن تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ . سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېسىم ئاستىدا ياشاۋاتقان سانسىز باقىلارنىڭ تەقدىرى بىزنى ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىممىتى غايىسى ۋە مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەزكۇر تېكىستنى ئۆتۈشتىكى مەقسەت ئوقۇغۇچىلارنى قانداق قىلغاندا باقى ۋە ئۇنىڭ رېئاللىقى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشتىن ئىبارەت . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئەڭ ئىدېئال ئوقۇتۇش ئۇسۇلى باقى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ جەريانى بولۇشى كېرەك . تۆۋەندىكى سوئاللار باقى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا دىئا-





لوگنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ : باقىنىڭ تەقدىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىدىن ئادەمنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قانداق ئويلاردا بولدىڭىز ؟ ئادەم بىلەن دەۋر ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار ؟ باقى ياشاۋاتقان دەۋردە ئادەمنىڭ قىممىتى نېمە ، سىزنىڭ دەۋرىڭىزدىكىچۇ ؟ باقىنىڭ غايىسىگە قانداق قارايسىز ؟ باقىنىڭ تەقدىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بەخت ۋە بەختلىك تۇرمۇش قانداق بولۇشى كېرەك ؟ سىزنىڭ بەخت قارىشىڭىزچۇ ؟ ئەگەر باقى شەھەردىن قايتىۋاتقىنىدا يامغۇر يېغىپ كەتمىسە ۋە باقى تۇتۇلمىسا ، ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلالامسىز ؟ تەقدىرگە ئىشىنەمسىز ؟ نېمە ئۈچۈن ؟ ياشاشتىكى مەقسەت نېمە ؟ ياشاشنىڭ مەنىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، باقىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن يەكۈن چىقىرالامسىز ؟ ۋەھاكازالار .

يۇقىرىقى دىئالوگلار ئەمەلىيەتتە باقىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ھاياتنى قايتىدىن كۆزىتىپ چىقىش ، تۇيۇش ۋە باھالاش جەريانىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . بىزنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزمەكچى بولغىنىمىز تېكىست تەھلىلى ، پېرسوناژلار ئانالىزى ۋە ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئەمەس ، بەلكى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رېئاللىقىنى تونۇتۇش . ئۇنداق بولمىغىنىدا ، ئوقۇغۇچىلار ئادەمگە باھا بېرىشتە ياكى باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەندە بولسۇن ئۆزى قوبۇل قىلغان مائارىپنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان « تەربىيە جاراھىتى » نىڭ كېسەلمەن ھالىتىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايدۇ . ئەتراپىدىكى پۈتكۈل ئۆزگىرىشلەرنى ساددىلىق بىلەن كۆزىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىچارىلەرچە ئىنكاس قايتۇرىدۇ ، خالاس .

ئىنسان ئۈچۈن ھايات ئەڭ مۇھىم جەرياندۇر . بالىلارنىڭ

دۇنياسى ئۆزىنىڭ كەڭلىكى ۋە مۇھىملىقى نۇقتىسىدىن چوڭلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. بالىلارنى ھاياتىي كۈچى بولمىغان سىستېمىلارغا سولىۋېلىش، رەسمىلىك كىتابلاردىن، تېلېۋىزورلاردىن تەبىئەتنىڭ ھەقىقىي ھالىتىنى ھېس قىلدۇرۇش بالىلار ياشايدىغان بوشلۇق ئەمەس. بالىلار تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن بوشلۇققا موھتاج.

بالىلاردىكى پىسخىك مۇكەممەلسىزلىكلەرنى يېڭىش ئۈچۈن ئۇلار ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنى كۆرۈشكە ۋە چۈشىنىشكە موھتاج. يېزىلاردىن شەھەرلەرگىچە، تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن تارتىپ نامرات ئەللەرگىچە سوزۇلغان ھاياتلىق بوشلۇقى بالىلارنى زىيادە خام خىيال قويىنىدىن تارتىپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ھەقىقىي ياشايدىغان بوشلۇقنى تەسەۋۋۇر قىممىتىگە ئىگە دۇنيا سۈپىتىدە چۈشىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ ئارقىلىق ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى ھەققىدە ئۆزىنىلا مەركەز قىلىشتىن قۇتۇلۇپ، باشقىلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى قايتىدىن كۆزىتىپ چىقىدۇ. بالىلار «مەن كىم» دېگەن سوئالغا «ئۇ ۋە سەن كىم» نۇقتىسىدىن تۇرۇپ جاۋاب ئىزدىگەندە، ئۇنىڭ كېيىن كۆرىدىغان بوشلۇقى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ياشاش ئەھۋالى ۋە مەسىلىسىگە كېڭىيىدۇ. ئۇلار ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنىڭ ۋە دىئالوگنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىدۇ، چۈنكى ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسى ئادەمنىڭ ئادەمگە ئورتاق تەقدىر ۋە ھالەت نۇقتىسىدىن تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىدىن باشلىنىدۇ. يېقىندا مېنىڭ مەن ئولتۇرۇۋاتقان بىنانىڭ ئىگىسى رۇدى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىم بالىلارغا يېڭى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان قارىشىمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاتتى.

مەن ئولتۇرۇۋاتقان بىنادىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى



تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە

بېلگىيىلىك ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا بۇ يازلىق تەتىلدە ھەممىسى ئۆيلىرىگە كەتكەنىدى. پۈتۈن بىنادا مەنلا يالغۇز قالغانىدىم. ئوچۇق مىجەز ۋە چاقچاقچى رۇدى مېنى پات - پات يوقلاپ تۇراتتى ۋە زېرىكمىسۇن دەپ قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بېرەتتى. بىر كۈنى كەچتە رۇدى ياتىقىمغا كىردى.

— مەن ئىككى كۈندىن كېيىن قىزىم بىلەن ئىككى ھەپتىلىك يازلىق ساياھەتكە ماڭماقچى، شۇنى ئېيتىپ قويغىلى كىردىم. پۈتۈن بىنا ساڭا قالدى، — دېدى ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا.

— نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن. كۆزىتىشىمچە بېلگىيىلىكلەرنىڭ (بەلكىم پۈتۈن دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ) تۇرمۇشىدا مۇنداق ئۈچ نەرسە تولىمۇ مۇھىم ئىدى: (يازلىق) ساياھەت، ئېسىل ماشىنا ۋە ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ. ئۇلار ساياھەت قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن يېڭى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىشنى ئىزدىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرمۇشنىڭ جىددىي رىتىمى ئېلىپ كەلگەن چارچاشنى ھاياجانلىنىش ۋە بوشىنىشقا ئالماشتۇراتتى.

— بۇ قېتىم تۈركىيىگە.

— قانچە دۆلەتكە ساياھەتكە باردىڭىز؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن قىزىقسىنىپ.

— ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقتىم، لېكىن ياۋروپادىن باشقا دۆلەتلەرگە بېرىپ باقمىدىم. كېيىنچە بېرىش پىلانىم بار.

— سىز ساياھەت قىلغان دۆلەتلەرنىڭ قايسىسى سىزدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى؟

— تۈركىيە.

— نېمە ئۈچۈن؟ — ماڭا تۈركىيىنىڭ دۇنيادىكى ساياھەت مەستانىلىرى ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى «جەننەت» ئىكەنـ

لىكى ئايان بولسىمۇ ، رۇدىنىڭ بۇ دۆلەتكە زادى قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچىدىم .

— چۈنكى تۈركىيە سەپىرى قىزىم ئىككىمىزدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغانىدى . ئۇ چاغلار بەكلا مەنىلىك ئۆتكەنىدى ، — رۇدىي خۇددى ئەسلىمىسىگە غەرق بولغاندەك بىردەم سۈكۈتتە تۇرۇپ كەتتى ، — بۇنىڭغا ھازىر دەل ئۈچ يىل بولدى . ئۇ يىلى ئايالىم قىزىم ئىككىمىزنى تاشلاپ گوللاندىيىلىك بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئامستېردامغا كەتتى . ماڭا بۇ زەربە قاتتىق ئېغىر كەلدى ، خۇددى پۈتكۈل ھاياتلىق گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك ، ھەممە نەرسىنىڭ قىممىتى تۈگىگەندەك چەكسىز ئۈمىدسىزلىككە پاتتىم . يوشۇرمايمەن ، مەن ئايالىمنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىم . ھەم ئۇنىمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلايتتىم . شۇڭىمۇ ئۆزۈمنى بەختلىك ئەر دەپ قارايتتىم . لېكىن ھەممە نەرسە شۇنداق تۇساتتىنلا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى . قىزىمنىڭ قانچىلىك روھىي زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى دېمەيلا قوياي . قىزىم ئىككىمىز ئىككى سىرداش ، بىر ـ بىرىمىزگە نېمىدەپ تەسەللىي بېرىشنى بىلمەيتتۇق ، بۇ مۇمكىنمۇ . لېكىن بىز تەسەللىگە موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى بىلەتتۇق . بىر كۈنى قىزىم : « دادا ، مېنىڭ يىراقلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەلگۈم بار » دەپ قالدى . گەرچە بىز بۇنىڭ بىزگە تەسەللىي بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دېيىشمىگەن بولساقمۇ ، كۆڭلىمىزگە بۇ ئايان ئىدى . بىز ئۆزىمىزنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتۇق. بۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسە بىزگە ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىتەتتى . شۇڭلاشقىمۇ ، بىز بۇ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۆيىمىزدىن ئايرىلىپ يىراقلارغا بېرىپ كەلمىسەك بولمايتتى . ئۇ چاغ دەل ھازىرقىدەك ياز پەسلى بولغاچقا ، بىز تۈركىيىگە ساياھەتكە بارماقچى بولدۇق .





رۇدى تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى . ئۇنىڭ ئاۋازىغا يىراقتا قالغان بىر ھەسرەتلىك ئەسلىمە ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى :

— تۈركىيە ئۆزىنىڭ قەدىمىي گۈزەللىكى بىلەن ئازابلىرىمىزنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇلدۇردى . بولۇپمۇ قىزىم تۈركىيە ساياھىتىدىن بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى . قارىغاندا ئۇ ئەسلىمىنىڭ يۈكىدىن قۇتۇلغاندەك ئىدى . ئۇ يىلى قىزىم دەل توققۇز ياشقا كىرگەنىدى . قىزىم مەندىن سوئال سوراپ ھارمايتتى ، ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى ھەممە ئىش تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلۇۋاتاتتى . ساياھەت ۋاقتىمىزمۇ توشۇپ قالاي دېدى . بىر كۈنى يەنى بېلگىيىگە قايتىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنى بىز تۈركىيىنىڭ يىراق ساياھەت رايونىدىن ئەنقەرەگە ئاپتوبۇستا قايتىۋاتاتتۇق . قىزىم ئاپتوبۇس دېرىزىسىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ ، سىرتتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا يىراقتا بىر ئوتلاق ، ئوتلاقتا ئوندەك قويىنى بېقىۋاتقان بىر چوپان قىز كۆرۈش سەزگۈمگە كىرىپ كەلدى . ئۇ قىزنى قىزىممۇ كۆرگەن بولسا كېرەك :

— دادا ، قارىغىنا ، ئاۋۇ قىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇ قوي بېقىۋاتىدۇ . ئۇ پادىچى ، — دېدىم .

پادىچى قىزنىڭ ئۈستىۋېشىدىن نامراتلىقى تۆكۈلۈپ تۇراتتى ، قولىدا بولكىدەك بىر نەرسىنى تۇتقان ھالدا خىيالچان ئولتۇراتتى . يېشى قىزىمنىڭكىدىن پەرقلەنمەيتتى .

— ئۇ قىز نېمىشقا قوي باقىدۇ ؟ — ئايرىم ئۆي ، كومپيۇتېردىن تارتىپ ئېسىل ئويۇنچۇقلارغىچە ھەممە نەرسىسى تەل ، تۇرمۇشنىڭ غېمىنى تارتىپ باقمىغان قىزىمغا بۇ مەنزىرە ھەقىقەتەن غەلىتە بىلىنمەكتە ئىدى . مەن دەماللىققا نېمىدېيىشىمنى ۋە قانداق چۈشەندۈرۈشۈمنى بىلەلمەي تۇرۇپ كەتتىم .

— مانا بۇ ئىككىڭلارنىڭ پەرقى: ئۇ قىز قوي باقمىسا ئۇنىڭ نامرات ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرەلمەيدۇ، ئوقۇتالمايدۇ. بۇ دۇنيادا سەن كۆرمىگەن نۇرغۇن ئىشلار بار...

مەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىكلا دېيەلىدىم. قىزىم شۇ پېتى جىمپىلا كەتتى. ئۇ بىر نېمىنى قاتتىق ئويلىنىۋاتقاندەك ئىدى. ئەنقەرەگە كېلىپ ياتاققا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بىز بىر-بىرىمىز بىلەن ئانچە كۆپ پاراڭلاشمايلا ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلدۇق. ئەتىسى قىزىم قاق سەھەردىلا مېنى ئويغىتىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— بالدۇرلا تۇرۇۋاپسەنغۇ، — دېدىم.

ئۇ سەل ئارىسالدى بولغان ئاھاڭدا:

— مېنىڭ سەن بىلەن بىر ئىش توغرىسىدا پاراڭلاشقۇم بار ئىدى، — دېدى.

— ئېيتىۋەر، — دېدىم كىيىملىرىمنى كىيگەچ.

ئۇ بىر هازا تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان بىر كورۇپكىدا چوكىلاتنى ئالدىمغا كۆتۈرۈپ كېلىپ:

مەن بۇ چوكىلاتلارنى ئۆيگە ئەكەتمەيمىكىن دەيمەن، — دېدى.

قىزىمنىڭ قارارى مېنى هەيران قالدۇردى، چۈنكى بىلىسەن، بېلگىيىنىڭ چوكىلاتى دۇنياغا مەشھۇر، شۇڭىمۇ بېلگىيىلىك بالىلاردىن تارتىپ چوڭلارغىچە چوكىلات دېسە جېنىنى بېرىدۇ.

— نېمىشقا؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ماڭا بىر ئىش توغرىسىدا ۋەدە بېرەلەمسەن؟ — دېدى ئۇ ماڭا سىناش نەزەرى بىلەن قاراپ.

— ئاۋۋال ئاڭلاي.





— بۈگۈن بىز ھېلىقى پادىچى قىزنىڭ يېنىغا بارايلى، مەن بۇ چوكىلاتلىرىمنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى.

داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. بۇ مېنىڭچە مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى بىز ئۈچ سائەتتىن كېيىن بېلگىيىگە ئۇچاتتۇق. نېمىدېيىشىمنى ۋە بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيتتىم. ئاخىرىدا پەقەت:

— بۇ قېتىم ئۈلگۈرەلمەيمىز، كېلەرقېتىم تۈركىيىگە كەلگەندە شۇنداق قىلايلى، بولامدۇ؟ — دېگەننى ئارانلا دېيەلىدىم. بىز قايتتۇق. مېنى هەيران قالدۇرغىنى قىزىم تا هازىرغىچە ئۇ قىزنى ئۇنتۇيالمىدى. قىزىم ئۇنىڭ گېپىنى پات-پات ئۆرۈپ قويىدۇ. قىزىم ھېلىقى كورۇپكىدىكى چوكىلاتنى هازىرغىچە ساقلاۋاتىدۇ. مېنىڭ قىزىمدىن كۈتىدىغان بىردىنبىر ئۈمىدىم ئۇنى ئانىسىغا ئوخشاش شەخسىيەتچى بولمىسىكەنلا دەيمەن، — رۇدى سەل توختىۋالدى، — بۈگۈن بىز يەنە نۇرغۇن چوكىلاتلارنى سېتىۋالدۇق. قىزىم ئۇلارنى ھېلىقى قىزغا بەرمەكچى، قىزىم ھەتتا ئۇ قىزنى تاپالاش-تاپالماسلىقىمىزنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى. مەنمۇ ئارتۇق بىر نەرسە دېمىدىم. قارىغاندا بۇ قېتىمدىكى سەپىرىمىز تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا ئاز-تولا تۈركچە سۆزلەشنى ئۆگىنىپ قويسام بولاتتى، — ئۇ كۈلۈپ كەتتى.

— رۇدى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ئالدىنقى تۈركىيە سەپىرىڭلار ھەقىقەتەن ئۇنتۇلغۇسىز بوپتۇ، بولسا قىزىڭىز تېخىمۇ يىراق يەرلەرنى كۆرسۇن، ئۇ يەرلەردە قىزىڭىز كۆرۈشكە تېگىشلىك تېخىمۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەر ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئادەملەر بار.

دېگەندەك، رۇدى بىلەن قىزى ئىككىسى يېڭى ئەسلىمە ئىزدەش ئۈچۈن تۈركىيىگە كەتتى.

باللار دۇنيا كۆرسۇن. ئافرىقىدىكى نامرات مەھەللىلەردە

ئۆسكەن باللار تېخىمۇ ئۈمىدلىك جايلارنى كۆرۈشكە تەشنا ، غەرب ئەللىرىدىكى باللار يىراق قۇرۇقلۇقتا ھاياتنىڭ يەنە بىر يۈزىنى — ئۇنىڭ ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك قاپلىغان جايىدا تۇختاپ قالغان كۆز ياشنى كۆرسۇن . ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇلار تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە ، ئارگېنتىنادىن ئەنگلىيىگىچە سوزۇلغان بوشلۇقنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان مۇنۇ قەدىمىي سوئالنى ئىزدەشنىڭ خاسىيىتىنى ھېس قىلالايدۇ : ئادەم دېگەن زادى نېمە ؟

قارىغاندا مائارىپ ئۆزىنىڭ تار دائىرىدىكى ئېنىقلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان پەيت كەلگەن ئوخشايدۇ . ساياھەتچىلىك ، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ، نامراتلىق ، ۋەھىمە ، پاراۋان تۇرمۇش ، ماكانسىز باللار ، بالا ئىشچىلار ، بالا ئەسكەرلەر ، تۈرمىلەردىكى باللار ، ئاچلىقنىڭ قۇچىقىدا ئىڭراۋاتقان نارەسىدىلەر بىزنى بىز ياشاۋاتقان ۋە نەپەس ئېلىۋاتقان دۇنيا توغرىسىدىكى بولۇپمۇ مائارىپ — باللارنىڭ روھىي پاناھگاھىغا — بولغان قارىشىمىزنى يېڭىلاشقا مەجبۇر قىلسا كېرەك .

گەرچە مەن بىزنىڭ مائارىپىمىز ھەققىدە ئىنتايىن زامانىۋى خىياللارنى قىلالمىساممۇ ، لېكىن شۇنىسى ماڭا ناھايىتى ئايانكى بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىكى مەدەنىيەت ئەۋزەللىكلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك ، ھەتتا بۇ مەدەنىيەت ئادەمگە تولىمۇ قەدىمىي ۋە غەمكىن كۆرۈنسىمۇ باللىرىمىز ئۆز مەدەنىيىتى ھەققىدە پىكىرلىنىش ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسىغا چۆمگەندىلا باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە دادىل قارىيالايدۇ ، ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ قوبۇل قىلالايدۇ ۋە ئۇلارغىمۇ ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ . شۇنداق ، ھەر كىمگە ئۆز مەدەنىيىتىدىن باشقا ھېچقانداق مەدەنىيەت ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا تونۇتمايدۇ . شۇڭا ، باللىرىمىز مەدەنىيىتىمىزنىڭ





ئەڭ ئۇششاق ھالقىلىرىغىچە تونۇشسۇن ، ئۇلار ياۋروپانى كۆرەلمىسىمۇ ، لېكىن تەكلىماكاننى كۆرۈشكە ۋە تەلتۆكۈس چۈشىنىشكە موھتاج .

باللىرىمىز ئۆز مەدەنىيىتى ھەققىدە تولۇق كۆزىتىش بوشلۇقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن يېزا باللىرى بىلەن شەھەر باللىرى دىئالوگقا موھتاج . يېزا باللىرى تەبىئەتكە ئەڭ يېقىن . ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئەڭ يېقىملىق ئاۋازلىرىنى ، گۈزەل رەڭلىرىنى ۋە شەكىللىرىنى تۇيالايدۇ ۋە كۆرەلەيدۇ . مەكتەپنىڭ « مۇراسىم » شەكلىدىكى ئوقۇتۇشى ۋە دەرسلىك كىتابلاردىن مەجبۇرىي قوبۇل قىلىنىدىغان يات ئىدىيىلەر ئۇلار قوي بېقىشقا چىققان ۋاقىتتىكى ئەركىنلىكى ئىچىدە غايىب بولىدۇ . ئۇلار تەبىئەت بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ ، ئەركىن سۆزلىشەلەيدۇ . ئۇلار گەرچە كومپيۇتېر ئېكرانىدىكى « غارايىباتلار » دۇنياسىدىن مەھرۇم بولسىمۇ ، تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئۇلار ئۈچۈن چېكى كۆرۈنمەس غايەت زور كومپيۇتېر . ئۇلار تەبىئەت ئۆزلىرىگە يۈكلىگەن ھاياتلىق زۆرۈرىيەتلىرى ۋە ياشاشنىڭ مۇشەققەتلىرىنى كۆتۈۋېلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار . چۈنكى ، ئۇلاردا تەبىئەتتەك كەڭلىك تۇيغۇسى بار . مانا مۇشۇ يېزا باللىرى ئۆزلىرىدىكى چەكسىز ھاياتىي ۋە ئىجادىي كۈچى بىلەن مائارىپىمىزنىڭ كەلگۈسىدۇر . ئۇلارنىڭ ئارمىنى ، تەسەۋۋۇرلىرى ۋە غايىسى ھەرۋاقىت مائارىپچىلىرىمىزنىڭ ئېسىدە بولۇشى ۋە مائارىپ ئەمەلىيەتلىرىمىزدە گەۋدىلىنىشى كېرەك . ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ئەمەلىيەتچىل مائارىپ ۋە ئەمەلىيەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قارىيالايدىغان باللارنى يېتىلدۈرۈشتۇر . بىز مائارىپىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلالمىساقمۇ ، مۇنۇ ھەقىقەت گاڭگىراپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ . ئەڭ ئەمەلىي ۋە ئۈپتىمىستىك

نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مائارىپى كەلگۈسىدە «بىر نان» تاپالايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلىشى كېرەك. ھەتتا، بىز مائارىپ توغرىسىدىكى خىلمۇخىل نەزەرىيىلەرنى رەت قىلغان تەقدىردىمۇ، شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، مائارىپىمىز ياشاش ئارزۇيىمىزنى چىقىش قىلىشى كېرەك.





# مەدەنىيەت ۋە تەنھالىق

*تەنھالىق بىر خىل ئېستېتىكىدۇر.*

*— خاتىرەدىن*

بۇ ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى ئادەمگە قەدىمىيلىكىنى يوقاتمىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بەش يۈز يىلدىن ئۇزاق مائارىپ ئەنئەنىسىگە ئىگە بۇ ئۇنىۋېرسىتېت خۇددى نازىنىن چۈشۈرۈپ قويغان گۈللۈك قولياغلىققا ئوخشايدىغان ئۆزى كىچىك ھەم گۈزەل لېۋېن شەھىرى ئۇزاق تارىخقا تىنىقداش بولۇپ ياشىغانىدى. بۇ شەھەر ئادەمنى دۇنيادا بىلىم ئىگىلەشتىن ئىبارەت بىرلا مۇھىم ئىش بارلىقىغا ئىشەندۈرەتتى. ياشاش بىلەن بىلىم ئىگىلەش غەربلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ شەھەر ئۆز قەدىمىيلىكىنى ساقلاش بىلەن بىرگە زامانىۋىلىك ئېلىپ كېلىۋاتقان تۈرلۈك خىرىسلارنى كۈتۈۋېلىۋاتاتتى.

مەدەنىيەتنىڭ قەدىمىيلىكى مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ رېئاللاشقان شەكلى. قەدىمىيلىك تارىخىلىقتىن دېرەك بېرىپلا قالماي، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مىللەت ئېڭىدىكى بارلىق يۈكسەك ئىدىيىلەر ۋە ئارزۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك سىمۋولى. قەدىمىيلىكى ھەققىدىكى سەزگۈسىنى يوقاتقان مىللەت بۈگۈنكى دۇنيادىكى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ۋە ئايرىلىشتەك غول ئېقىمىنىڭ كونترول قىلىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ. قەدىمىيلىك ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇكەممەللىك باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ تۇرۇش ھالىتىدە مەدەنىيەت كوللېكتىپىغا يوقالماس ئىشەنچ ئاتا قىلالايدۇ. شۇنداقلا، مەدەنىيەتنىڭ قەدى-

مىيلىكى يىڭى ۋە رېئال مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى
سۈرىدۇ . بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ باشقا بىر خىل مەدەنىيەتتىن
پەرقلىنىپ تۇرۇشى كۆپ خىل تاشقى ئامىللارنى ئۆزىگە شەرت
قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شۇ مىللەت كوللېكتىپىنىڭ ئىچىدىكى
« پاسىل چۈشەنچىسى » نى — مىللەتنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە
ئۆزگىچىلىكىدىن شەكىللەنگەن ئۆز مىللەت كوللېكتىپىنى بە-
لىش ۋە ئۇنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئېقتىدارىنى ها-
زىرلايدۇ . مەدەنىيەت پاسىلى بىزگە نېمە ئۈچۈن مەلۇم مەدەنىيەت-
نىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئارىسىلىپ تۇرۇۋاتقان دۇنيادا ئۆ-
زىنىڭ مۇستەقىل ۋە مۇكەممەل ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ تۇرالاي-
دىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ . دېمەكچى بولغىنىمىز ،
مەدەنىيەت كوللېكتىپىنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى « پاسىل » ئېكى
ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇشى مەدەنىيەت يېتىلدۈرگەن مۇ-
رەككەپ سىمۋوللۇق جەرياندۇر . مەدەنىيەتنىڭ سىمۋوللۇق
جەريانلىرى ئۆز كوللېكتىپىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆزئارا ئالاقە قىلى-
شىدىكى بىلىش ۋاسىتىسى بىلەنلا تەمىنلەپ قالماستىن ، باشقا
مەدەنىيەت ئەزالىرىنىڭمۇ شۇ مەدەنىيەتنى پەرقلەندۈرۈشىدىكى
بەلگە ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، مەدەنىيەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىلىرى
ۋە ئېكى ئۆز مەدەنىيەت ئەزالىرىنى ئۆز مەدەنىيەت پاسىلى ئى-
چىدە ياشاشقا ھەر ۋاقىت ئۈندەپ تۇرىدۇ . كىمكى ئۆز مەدەنىيە-
تىنىڭ پاسىلىدىن مەيلى ئاڭلىق بولسۇن ياكى ئاڭسىز بولسۇن
چىقىپ كەتمەكچى ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەكچى بولسا ، بۇ
يېڭى مەدەنىيەتنىڭ رەت قىلىشى بىلەن ئەسلىدىكى مەدەنىيەت-
نىڭ كونتروللۇقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەدەنىيەت سالاھى-
يىتى جەھەتتىكى ئېنىقسىزلىق ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .
مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مەدەنىيەت ئۆز پاسىلى تەرىپى-
دىن خاراكتېرلىنىدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن نىس-
پىي ۋە شەرتلىك ھالدا « تەنها » دۇر . لېكىن ، مەدەنىيەتلەرنىڭ





تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ھەربىر مەدەنىيەت ئۆز
پاسىلى دائىرىسىدە ھەم تەنها ھەم باشقا مەدەنىيەتلەرگە قارىتا
ئېچىۋېتىلگەندۇر .

لېۋېن ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزىنىڭ بەش يۈز يىلدىن ئارتۇق
مائارىپ تارىخىدا فىلەمىش خەلقى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
شىمالىي قىسىم رايونىدا فىلەمىش مەدەنىيىتى ، فرانسۇز مەدەنى-
يىتى ۋە گېرمان مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش
جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن . تاكى 1969 ـ يىلىغىچە ، مائارىپ
تىلىنىڭ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا فرانسۇزچە بولۇشى فىلەمىش خەلقىدە
ئۆز مەدەنىيىتىگە قارىتا قايتىدىن ئويلىنىش ئېلىپ كەلگەن .
چۈنكى يۇقىرىقى باي ۋە كۈچلۈك مەدەنىيەتلەر بىلەن بىللە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھالىتى فىلەمىش
خەلقىگە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم مەدەنىيەت پا-
سىلىنى قۇرۇپ چىقىش زۆرۈرلۈكىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تو-
نۇتقان . گەرچە ، تارىختىن بېرى بىر قىسىم فىلەمىش ئاقسۆ-
ڭەكلىرى داچ تىلىنى قوللىنىشتىن ۋاز كېچىپ ، فرانسۇز تىلىنى
قوللىنىشنى ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىنى ۋە مەدەنىيەت تەربىيە-
لىنىشنى نامايان قىلىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ،
فىلەمىش ئاۋام خەلقى يەنىلا فىلەمىش مەدەنىيىتى ئۆزىدە يېتىل-
دۈرگەن نىسپىي « تەنها » ھالەتتىكى مەدەنىيەت چەمبىرىكى —
پاسىلى ئىچىدە مەنىۋى تۇرمۇشنى داۋام ئېتتۈرگەن . ھالبۇ-
كى ، فىلەمىش ئاقسۆڭەكلىرى فرانسۇز مەدەنىيىتىگە ئەلتۆكۈس
تەۋە بولالماسلىق ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ئۆز مەدەنىيىتىگە بىر خىل
مەدەنىيەت ئېشەنچى ۋە روھى بىلەن قايتىپ كېتەلمەسلىكتەك
قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەن . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بۇ فىلەمىش
ئاقسۆڭەكلىرى مەدەنىيەت سالاھىيىتى جەھەتتە ئوتتۇرىدا
« توختاپ » قالغان . شۇنداقتىمۇ ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت جە-
ھەتتە ئاۋامدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشنى ئاكتىپ تاللاش دەپ قارى-

غان فىلەمىش ئاقسۆڭەكلىرى مەدەنىيەت سالاھىيىتى ئېلىپ
كەلگەن ئېنىقسىزلىقــنى ياشاش شەكلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلـ
لىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن . بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىككى
مــەدەنىيەت بېلگىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى داچ مەدەنىيىتى بىلـ
لــەن جەنۇبىي قىسمىدىكى فرانسۇز مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى
پــاسىل ئېگىنىڭ كۆچىيىشى ئاخىر 1969 ـ يىلى كېلىشتۈرگىلى
بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن . بۇ فىلەمىش خەلقى ئارىسىدىكى
ئومۇمىي ساداغا ئايلانغان . ئۆز تىلىنى قوغداشنى ئۆز مەدەنىيـ
تىنىڭ قەدىمىيلىكىگە بولغان ئاگلىق ۋارىسلىق ۋە ھازىرقى
مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشتىكى كۈچلۈك مەدەنىيەت سىمۋولى سۈـ
پىتىدە قارىغان فىلەمىش خەلقى لېۋېن ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ
پۈتۈن دەرسلىكلىرىنىڭ ( خەلقئارا پروگراممىلارنىڭ ئىنگلىزچە
بولۇشىدىن سىرت ) داچ تىلىدا ئۆتۈلۈشىنى مۇرەسسەسىز تەلەپ
قىلغان . نەتىجىدە ، 1970 ـ يىلى ، لېۋېن ئۇنىۋېرسىتېتى رەسمىي
ئىككىگە بۆلۈنگەن . فرانسۇز تىلى ئاساسىدىكى ئەسلىدىكى ئۇـ
نىۋېرسىتېت بېلگىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ـــ فرانسۇز تىلى راـ
يونىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە نامىنى فرانسۇزچىغا
ئۆزگەرتكەن . ھازىرقى فىلەمىشلەر ئاشۇ يىلدىكى مەدەنىيەت
ھەرىكىتىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئانا تىل
ۋە ئانا تىل مائارىپى مىللەتنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان مەدەنىيەت
سىمۋوللىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ سەزگۈر ۋە ئەڭ باي
سىمۋولدۇر . شۇڭا ، بېلگىيىگە بارغان ھەر قانداق چەت ئەللىك
بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پاسىل ئايرىپ تۇرغان شەرتلىك «
تەنھا » بولۇش ئېغىر ـ بېسىق ۋە جاھىل ، دەپ قارىلىدىغان فىـ
لەمىش خەلقىدە ئوچۇق ـ يورۇق ۋە رومانتىك دەپ قارىلىدىغان
فــرانسۇزلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت سالاھىيەت ئېـ
گىنى يېتىلدۈرگەن .

مــەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىشتىن خالىي ھالـ





دىكى مەدەنىيەت ھەقىقىي « تەنھا » مەدەنىيەتتۇر ، يەنى ئېستېـ
تىكا باسقۇچىغا كۆتۈرۈلمىگەن ئىستىلىستىكا مەدەنىيىتىدۇر .
ئىستىلىستىكا مەدەنىيىتى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي
ئايرىلغان ھالدا ناركىسزملىق①ئەسەبىيلىككە چۆمگەن بولىدۇ .
ئەنــە شۇ ۋاقىتتا بېكىنمە مەدەنىيەت پاسىلى ئىچىدە ياشاۋاتقان
مــەدەنىيەت ئەزالىرىدا بىنورمال پىسخىك ھالەت شەكىللىنىدۇ .
پەقەت ئۆز مەدەنىيىتىگىلا بىر تەرەپلىمە ھالدا مەپتۇن بولۇش ،
كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئارىلىشىپ مەۋجۇت بولۇش ھالىتىدە
كۆپ كۆرۈلىدىغان يەنە بىر خىل ئېكىسزملىق ھالەت ئۆز مەدەـ
نىيىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشتۇر . يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە
ئايانكى ، باشقا مەدەنىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ھەيرانۇھەس
بولغان چېغىمىزدا ، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتى كۆزىمىزگە غېرىب ـ
غۇرۇۋا كۆرۈنىدۇ ياكى ھېچقانداق مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشمىـ
غــان ھەم ئۇنى چۈشەنمىگەن ۋاقتىمىزدا ، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيـ
تىدىن باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆزىمىزگە تۆۋەن دەـ
رىجىلىك مەدەنىيەتتەك كۆرۈنىدۇ . نەتىجىدە ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ
« تەنھالىقى » كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك مەسىلىلەر بىزدە
بىراقلا ھەممىنى ئىنكار قىلىشتەك دونكىخوتچە ئەسەبىيلىكنى
قوزغايدۇ ياكى ئوخشاش خاتا ئۇسۇل بويىچە « تەنھا » مەدەنىـ
يىتىمىزنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئىستىلىستىكا ئارقىلىق بېزەشكە
تىرىشىمىز .

شــۇنىسى ئېنىقكى ، مەدەنىيەتنىڭ ئېستېتىكا باسقۇچىـ
دىــكى « تەنھالىقى » چوقۇم يەنە باشقا « تەنھا » مەدەنىيەتلەر
بــىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇچرىشىپ تۇرغان بولىدۇ ، نۆۋەتتە دۇنياـ
دىــكى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە باغلانغان
ئىككى چوڭ يۈزلىنىش سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتىدۇر : تەنھالىق ۋە

① ناركىسزم ـــ ئۆزىنىڭ قىياپىتى ۋە ئىقتىدارىدىن سۆيۈنۈش خاھىشى
كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

ئۆچۈرۈش ، خارابلىشىۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ ئالدىدا ئىككىلا تاللاش بار : بىرى ، باشقا مەدەنىيەتلەرنى شەرتسىز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ، مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى يوقىتىش ، شۇنداقلا مەدەنىيەت پاسىلىنى مەنىۋى جەھەتتىن كېرەك قىلماسلىق ؛ يەنە بىرى ، باشقا مەدەنىيەتلەرنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن شەرتلىك قوبۇل قىلىش مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى ئۆز مەدەنىيىتى چەمبىرىكى — مەدەنىيەت پاسىلى دائىرىسىدە ساقلاپ قېلىش ، بەلكىم بەزىلەر ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن يەنى باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۇچرىشىشنى بىكار قىلىپ ، مەدەنىيەتنىڭ قەدىمىي ۋە ئەنئەنىۋى قۇدرىتىگە تايىنىش . ۋەھالەنكى ، ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل بۈگۈنكى ئۇچۇرلاشقان دۇنيادا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ۋاقىت ئۆتكەنلىك تەسىراتىنى بېرىدۇ . مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئەڭ ياخشى ھالەت يەنىلا ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدۇر ، بۈگۈنكىدىكى مۇھىم ئامىل يەنىلا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئاكتىپ دىئالوگلىشىش . چۈنكى ، بۇ يەردە شۇنداق ئالدىنقى شەرت باركى ، باشقا مەدەنىيەتتىن داۋاملىق « ئوزۇقلۇق » قوبۇل قىلىۋېرىش يەنىلا خەتەرلىك ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئارقىدا قالغان مىللەتكە مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن باشقا ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش يېقىن مەزگىللىك نىشان بولسا ، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭمۇ باشقا مەدەنىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلاش يىراق مەزگىللىك نىشاندۇر .

ئامېرىكا مەدەنىيىتىنى كۆپ قىسىم ئانتروپولوگلار ۋە سوتسىئولوگلار « داشقايناق » مەدەنىيەت دەپ تەرىپلىشىدۇ . ھاياتلىق ئىقتىدارىنىڭ قوزغىلىشىدىن تۇغۇلغان تۈرلۈك تەسەۋ-





ۋۇرلىرى بىلەن ئامېرىكا تۇپرىقىغا قەدەم قويغان ھەربىر كۆچمەن ئامېرىكىنىڭ غول مەدەنىيەت ئېقىمىغا ماسلىشىشتىن سىرت ، ئۆزىدىكى ئەسلى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىمەي قالمايدۇ . چۈنكى ، مەدەنىيەت شەخس ئارقىلىق نامايان بولىدۇ ۋە رېئاللىشىدۇ . گەرچە كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مەدەنىيەت رېئاللىقى بولسىمۇ ، ھەربىر مەدەنىيەت كوللېكتىپىدىن مەدەنىيەت ھازىرقى قىممىتى ھەققىدە ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ، چۈنكى ، بىزنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى پۈتكۈل باھالىرىمىز بارغانسېرى ھازىرقى مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىنى ئاساس قىلماقتا . مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي سەلتەنىتى ھازىرقى زامان ئامېرىكا مەدەنىيىتى ئۈچۈن بىر گۈزەل ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە ، خالاس . كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە شۇنى كۆرىدۇكى ، قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ سىرلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تۇيۇقسىز گۈللەپ ياشنىشىدەك تارىخ ئەمدى ئۆتمۈشكە ئايلاندى . خاننا ئارېندت : « ئارخېمېدنىڭ ئەقىل – پاراسىتىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھېچقايسى ئەنگلىيىلىكتىن تاپقىلى بولمايتتى » دېگەنىدى . ۋەھالەنكى دەل مانا مۇشۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئەنگلىيە مەدەنىيىتى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۆزىنىڭ يەر شارىنى قاپلىغان تەسىرىنى ھەممە ئادەمگە ھېس قىلدۇرۇۋاتىدۇ . قارىغاندا ، مەڭگۈلۈك مەدەنىيەت چۈشى تارىخنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان مەسخىرىسى بولسا كېرەك . تارىخ كۆرەڭ ۋە ئەقىللىق گرېكلەرنىڭ بارلىققا كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرىنى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە پەقەت مۇزېيخانىلارغا تىزىپ قويدى . ئەلئېھرامنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان سېھرىي كۈچىنى ياراتقان قەدىمىي مىسىرلىقلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى ئۆز مەدەنىيىتىگە قىزىققۇچى تۈركۈملىگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا قالدى . تارىخ ئۆزىدە نۇرغۇن مەدەنىيەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىنى كۆردى .

ئەمىسە ، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئىنسانلارغا دەپ بېرىشىنى خالىـ
مايدىغان مەخپىيىتىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدىـ
غان « ئويۇنى » مۇ ؟ شۇنىسى ئېنىقكى ، ھېچكىم يەنە مىڭ يىلـ
دىـن كـېيىن قايسى خىل مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت بوـ
لـۇشىنى ئالدىن پەرەز قىلالمايدۇ . چۈنكى ، خۇددى ئادەملەر تاـ
رىخنى ئالداپ كەلگىنىدەك ، تارىخمۇ ئادەملەرنى ئالدايدۇ . ھېچـ
كىم تارىخنىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرىدىن ـــ ئەپلاتون تەسۋىرلىگەن
ئۆڭكۈر بولۇشىمۇ مۇمكىن ـــ قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ .

تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ بۇ يات ئەلدىكى تەنھالىقىمنى ئويلاپ
قالىمەن . تەنھالىق قانداق شەكىللىنىدۇ ؟ بىزدىكى يالغۇزلۇق
تۇيغۇسى ئالدى بىلەن مەيلى قەيەردە ۋە كىم بىلەن بىللە بولۇـ
شىمىزدىن قەتئىينەزەر تەنھالىق پەيدا قىلالايدۇ . تەنھالىق ئادەمـ
نـىـڭ ئۆزـىگە يۈزلىنىشى ، ئۆز بىلەن پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى
ھېس قىلىش بىرلەشكەندە ، ئادەم ئۆزىنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايـ
دىـغان ۋە ئوخشىيالمايدىغان تەنھا ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ .
گەرچە تەنھالىق ئەڭ ئېنىق مەۋجۇتلۇق بولسىمۇ ، مەدەنىيەت
نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھېچكىم ئۆزىنى تەنھا ، دەپ قارىيالـ
مايدۇ . چۈنكى ، ئادەم ھەم تەنھا ھەم باشقىلارغا باغلانغان . يات
مـەدەنىيەتنىڭ ئىچىدە تۇرغان ياكى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ جۇغراـ
پىيىلىك گىرۋىكىدە ياشاۋاتقان ئادەمگە نىسبەتەن ، ئۇ ھەم تەنھا
ھەم تەنھا ئەمەس . بۇ پەقەت بىزدىن كۆرۈش نۇقتىمىزنى تەڭـ
شەشنىلا تەلەپ قىلىدۇ .

مـەن بېلگىيىگە مېڭىشقا ئاز قالغاندا ، بېيجىڭدىكى بىر
دوستۇم ماڭا مۇنداق دېگەنىدى :

ـــ سىنىڭ بېلگىيىدە يېڭىشىڭ ئەڭ قىيىن بولىدىغىنى
كۆنمەسلىك ئەمەس ، بەلكى تەنھالىقتۇر . چۈنكى ، مەن كورىـ
يىدە بىر يىل ئوقۇش جەريانىدا ، تەنھالىقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە





تارتقانىدىم . كۆپ ھاللاردا ئۆزۈم بىلەن مۇڭدىشاتتىم . ناخشا
ئېـيتىپ باقاتتىم . بولمىغاندا ، ئۆزۈمنى ناتونۇش كىشىلەر دۇنـ
ياسىغا ـــ كوچىغا ئاتاتتىم . چەت ئەلدە ئوقۇش ئۈچۈن بەك
كـۆپ ئىش كەتمەيدۇ ، پەقەت تەنھالىقىڭنى يېڭەلىسەڭلا ، مانا
مۇشۇنىڭ ئۆزى چوڭ ئۇتۇق .

ئەيـنـى ۋاقىتتا سەپەر قىزغىنلىقى ۋە چەت ئەلدە ئوقۇشـ
نىڭ ئىشتىياقى بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئىرەڭشىمىگەن
بولساممۇ ، مانا ئەمدى مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ
توغرىلىقىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ . مەن شۇنىڭ ئۈچۈن تەنھاكى ، مىن
ھەممە ئادەملەرگە ناتونۇش .

ئۆزى بـىلەن مۇڭدىشىش پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېـ
لـىپ ئېيتقاندا ، تەنھا ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئىچكىرىلەپ مۇئەييەنـ
لەشتۈرۈش ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ئاشكارىلاش جەريانىدۇر . شۇـ
نىڭدەك ، باش ـ ئاخىرى چىقماس خام ـ خىيالنىڭ باشلىنىشى .
ئىـدمۇند خۇسسېرل : « ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىش ئەڭ سەممىي
بولىدۇ » دېگەنىكەن . بەلكىم ئۆزىگە يالغان سۆزلىيەلمەسلىك
سـەۋەبىدىن ئۆزىمىز بىلەن مۇڭدىشىش سەممىيدۇر ياكى بۇ ،
ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ساختا ۋە نىقابلىق « ئويۇنلار » دىن
ئۆزىمىزنى ئېلىپ قېچىشتىكى ئەپچىل چارىدۇر . لېكىن ، مەن
تەنھالىقنى ئادەمنىڭ ھەقىقىي ھالىتى ۋە ياشاش ئېستېتىكىسى
نۇقتىسىدىن ياقتۇرۇپ قالدىم . تەنھالىقىمدا مەن ئارقىمدا قالدۇرـ
غان نۇرغۇن ئىشلار مەندە ئەسلىمە قوزغايدۇ ، مەن ئۆتمۈشۈمگە
پـەقەت بىرلا يول ۋە ۋاستە ئارقىلىق قايتالايمەن ۋە مەنىۋى مۇـ
نـاسىۋەت ئورنىتالايمەن : ئەسلىمە ، يات ئەل كاللامدا كۆندە
سىغدايدىغان يېڭىلىقلار مېنىڭ پۈتكۈل ئەسلىملىرىمگە قېتىلىپ
ماڭىدۇ . گەرچە ، يات ئەلدىكى ئەسلىمىگە ئايلىنالايدىغان ھەممە
ئېھتىماللىقلار ـــ نەرسىلەر ، سۆزلەر ، ھەرىكەتلەر بىلەن فىزىـ
كىلىق مۇناسىۋەتتە بولالىغىنىم بىلەن ئۆتمۈشۈمدە پەقەت ئەسـ

لىمىلىرىمىنى كاللامدا قايتىدىن پەيدا قىلىش ئارقىلىق بىر پەس
ياشاپ باقىمەن . بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، تۇرمۇشۇمدىكى
ھەممە ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر ــــ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز
بولسۇن ــــ مەن بىلەن رېئاللىقنى باغلاپ تۇرىدىغان ئەسلىمە
شەكلىگە ئايلانغان . تەنھا ئادەمگە نىسبەتەن ، رېئاللىقتا ياشاش
ئەسلىمە دېمەكتۇر . روھىمنىڭ چوڭقۇرلىرىدا جامېس جويسى-
نىڭ پېرسوناژى ستېفېن ئېيتقاندەك خۇددى قاباھەتلىك چۈشكە
ئوخشايدىغان تارىختىن چىقىپ كېتىش ئىستىكى بار . لېكىن ،
چىقىپ كېتەلمەيمەن . ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىم ئۆزۈم بىر ـ بىرلەپ
ۋە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن قۇرۇپ چىققان ئەسلىمە قور-
غىنىغا بەنت قىلىنغان . تەنھالىق مېنى بۇ دۇنيادىكى ئادەمنىڭ
تەقدىرى ۋە قىممىتى ھەققىدە تەڭ ئويلىنىشتەك شادلىقتىن بەھ-
رىمەن قىلىدۇ .

كىتاب ئوقۇش پۈتۈنلەي تەنھا جەرياندۇر . كىتابتىكى
دۇنيا بىزدىن ئۆزىدە تەنھا ياشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ . ئەنە شۇ
چاغدا دۇنيا كىتابقا ، كىتاب يەنە بىر دۇنياغا ئايلىنىدۇ . بىزچۇ ؟
بىز تاشقى رېئاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئىپادىسى بولغان كىتابنىڭ
ئوتتۇرىدىكى بوشلۇقتا ئاپتور بىلەن تەنھا سۆزلىشىمىز ، ۋەھا-
لەنكى بۇ سۆزلىشىش « يۈزمۇيۈز » سۆزلىشىشتۇر : بىز رېئاللىق-
تىكى بارلىق نىقابلارنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ ، ئۆزىمىزنىڭ ياكى
باشقىلارنىڭ يۈزىگە يۈزمۇيۈز قاراشنى ئۆگىنىمىز . كىتاب ئو-
قۇش ياشاشنى ئۆگىنىشمۇ ؟ ياكى ئۇ ئادەمنىڭ تەنھالىقىدىن
يۈكسەلگەن شەكلىدە ھۇزۇرلىنىشمۇ ؟ ئادەمنىڭ يەنە بىر ھەقى-
قىي ھاياتنى پەيدا قىلىش ئۇرۇنۇشمۇ ؟ باشقىلارنىڭ ئىدىيىسى-
نىڭ ۋەزنىنى ھېس قىلىشمۇ ؟

بىر گرېك پەيلاسوپى ، « بىر كاتتا كىتاب بىر چوڭ ئا-
پەتتۇر »دېگەنىكەن . كىتاب قەدىمدىن تارتىپ ئىدىيە ئەلچىسى
دەپ قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ ؛ تارىختىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرگە





كىچىككىنە قەغەزگە يېزىلغان تەلىماتلار سەۋەب بولغان . نىتزى
ئۆزىنىڭ « ياخشىلىق ۋە رەزىللىكتىن ھالقىش » دېگەن
كىتابىدا : مېنى ئىنسانلار يەنە يۈز يىلدىن كېيىن چۈشىنىدۇ ،
دېگەن ،ۋەھالەنكى بۇ كىتاب 1934 ـ يىلىلا گېرمانىيىدىكى ئەڭ
بازارلىق كىتابقا ئايلانغان . لېكىن كىشىلەر نىتزى ئىدىيىسىنىڭ
ھەقىقىي شەرھىنى راستىنلا يۈز يىلدىن كېيىن يەنى ھازىر
چۈشىنىشكە باشلىدى . ئەمما نىتزىنىڭ بۇ كىتابتىكى ئىدىيىسى
بىر ئاپەتمۇ ؟ مېنىڭچە ، خۇددى ئەسەرنىڭ ئىسمىدا ئېيتىلغاندەك
بۇ كىتاب ۋە ھەرقانداق « كاتتا » كىتابنىڭ تەسىرى ياخشىلىق
ۋە رەزىللىك كاتېگورىيىسىدىن ھالقىغان بولىدۇ . ئىدىيىنىڭ
كىتاب ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈشى بىزگە ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن
تەركىب تاپقان ئىلاھ دۇنياسىنى كۆرسەتمەيدۇ ، ئەكسىچە ئى-
دىيىنىڭ ئىدىيىگە كۈچلۈك سوقۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ،
خالاس . ھېچكىم بۇ سوقۇلۇشنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ
كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ ، لېكىن بۇ يەردە مۇنىسى
راست : ئادەم يات ئىدىيىنىڭ توسقۇنسىز تەسىرىگە ئۇچراشتىن
ئاڭسىزلارچە ئەنسىرەپ تۇرىسىمۇ ، بەزىدە ئىدىيىلەرنىڭ سوقۇ-
لۇشىدىن پەيدا بولىدىغان كۈچلۈك سىلكىنىشنى خالاپ قالىدۇ .
مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئادەم ئىدىيىلىرىنىڭ « تەھلىكىسىگە »
( تەھدىتىگە ) موھتاج .

بىز نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ كىتابتا يازغان ئىدىيىلىرى
بىلەن تونۇشۇشنى خالايمىز ؟ كىتاب ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدى-
غان ئالاقە بىزنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئالاقىمىزگە ئوخشى-
مايدۇ . بىز پۈتكۈل ئىلكىمىزنىڭ ماھىيىتىنى كىتابتىكى تەنھا
ئىدىيە ئالاقىسى ئارقىلىق چۈشىنىپ بېقىشنى خالايمىز . ئەمما
باشقىلارنى تەييار قىلىپ بەرگەن كۆزەينىكى ئارقىلىق دۇنياغا
قارامدۇق ؟ ئىدىيىسىز ياشاش مۇمكىنمۇ ؟ بىز نېمە ئۈچۈن باش-
قىلارنىڭ بىزنىڭ ئىدىيىمىزدىن يۇقۇملانغانلىقىدىن خۇشال بو-

لىمىز ، ئەجەبا بىزنىڭ قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن شەخ-
سىيىتىمىز ئېدىيىمىزنىڭمۇ ئاشكارىلانماي ۋە دەخلىسىز ساقلىنى-
شىمىزغا كاپالەتلىك قىلامدۇ ؟ شۇنىسى ئېنىقكى ، كىتاب يېزىش
بىلەن كىتاب ئوقۇش ئوخشاشلا تەنھالىقتا بولغان زىيادە سەز-
گۈرچانلىقىمىزنىڭ مەھسۇلى . قارىغاندا روھىمىزنىڭ خۇددى
دېكارتنىڭ قولۇپلانغان « ئۆزلۈكگە » ( ئېگو ئورسىلىق ) قامى-
لىپ قېلىشتىن قورقۇپ ، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى
ئالاقىگە موھتاج بولىشاق كېرەك . بىز بەزىدە كىتاب يېزىش ئويىدا
بولىمىز ، چۈنكى بىز بۇ دۇنيانىڭ بىزدە قالدۇرغان كۆلەڭگىسى-
نىڭ قەلبىمىزدە قاپسىلىپ قېلىشىنىڭ بىزنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق
تەنھالىقتا ۋە ئىزتىراپتا مۇپتىلا قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس
قىلغان . روھىمىز ئارامىلىق ئىزدەيدۇ ، بۇنى پەقەت بىز دىلكەش
بىلەن كىتاب يۈزىدە پاراڭلىشىش ئارقىلىقلا يېڭىش مۇمكىن .
كىتاب يېزىش بىزنىڭ تەنھالىقىمىزنىڭ ۋاقىتلىق تەنھاسىزلاش-
تۇرۇلۇشى ، ئىدىيىنىڭ چىقىش يولى ۋە باشقا ئىدىيە بىلەن
ئۇچرىشىش شەكلى . كىتاب ئوقۇش باشقىلارنىڭ تەنھاسىزلاش-
تۇرۇلغان ئىدىيىسىنى تەنھالاشتۇرۇش جەريانى . ئىستېتىكا نۇق-
تىسىدىن ئېيتقاندا ، كىتاب ئوقۇش يۈكسەلگەن تەنھالىقتا بارلىققا
كېلىدىغان ئالاھىدە مەنىۋى ھالەتتە ھاياتنى ۋە مەۋجۇتلۇقنى
تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش
جەريانىدۇر .

ھەر بىر يېڭى يىل كەلگەندە قانداق تۇيغۇلاردا بولىسىز ؟
كەلگۈسىڭىز ھەققىدە قانداق شېرىن خىياللاردا بولىسىز ؟ ئەگەر
يېڭى يىلنى ياكى ئۆزىڭىز ئەھمىيەتلىك دەپ قارالغان بىرەر
كۈننى تەنھا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولسىڭىز ئۆزىڭىزگە قانداق
تەسەللىي بېرىسىز ؟ تۆۋەندە مەن سىزگە ئۆزۈم قاتناشقان بىر
ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي :

يېڭى مىڭ يىلنىڭ باشلىنىشىنىڭ نىشانى بولغان يېڭى





يىل پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەرنى چەكسىز ئۈمىدۋارلىققا چۆم-
دۈرگەندى . بىز ئۈچ ساۋاقداش بىر بېلگىيىلىك ، بىر بۇلغارى-
يىلىك ۋە مەن ، بۇ يېڭى يىلنى بېلگىيىنىڭ پايتەختى برىيۇس-
سېلدا ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق . چۈنكى ، بېلگىيىلىك ساۋاقدى-
شىمىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا برىيۇسسېلدا يېڭى يىل كېچىسى تو-
لىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىكەن . بىز ئۈچەيلەن يېڭى يىل
دېگى ئۇرۇلۇشقا يىگىرمە مىنۇت قالغاندا برىيۇسسېلدىكى كاتتا
مەيدانغا يېقىن يەردىكى پويىز بېكىتىدە كۆرۈشمەكچى بولدۇق .
مەن برىيۇسسېلغا بۇرۇن بېرىۋېلىشنى ئانچە مۇۋاپىق كۆرمىدىم ،
چۈنكى مەن بۇ شەھەرگە كەلگەندىن بۇيان تېخى قايتا بېرىپ
باقمىغاچقا ، بۇرۇن بېرىۋالسام تېنەپ قېلىشىم ئېنىق ئىدى . ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە لېۋېن بىلەن برىيۇسسېلنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە مى-
نۇتلۇقلا يول بولغاچقا ، دېيىشكەن ۋاقىتقا تامامەن ئۈلگۈرۈپ
بارالايتتىم . شۇڭا ، ئونبىردىن ئاشقاندا پويىزغا چىقتىم .

پويىزدا ئادەم شالاڭ ئىدى . قارىغاندا كىشىلەر يېڭى يىل-
دىكى ئۈمىدۋارلىقتىن ئاللىبۇرۇن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىغاندەك
ئىدى . مەن ئولتۇردۇم . ئالدىمدا بىر ياشانغان ئايال ، يېنىمدا بىر
قارا تەنلىك بالا بار ئىدى . بىز بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرى-
دىغان ئورۇندۇققا جايلاشقانىدۇق . ئالدىمدىكى ھېلىقى ياشانغان
ئايال دىققىتىمنى تارتىشقا باشلىدى . كۆرۈنۈشتە ئاتمىشلەردە بار
لېكىن تىمەن كۆرۈنىدىغان بۇ ئايال پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كى-
تاب ئوقۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ يېڭى يىل ھارپىسىدا — ئادەمنى
خۇشاللىققا چۆمدۈرىدىغان ۋە كۈتۈشكە مەجبۇرلايدىغان بۇ
ئالاھىدە پەيتتە — نېمە كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى بەكلا بىلگۈم
كەلدى . كىتاب ( داچ تىلى ) ئىدى ، لېكىن كىتاب ئاپتورىنى
ئوقۇيالىدىم ، ئۇ ماڭا بەكمۇ تونۇش يازغۇچى ئىدى : مارسېل
پرۇست كىتابىنىڭ ئوزايىدىن قارىغاندا ئۇ ئايالنىڭ ئوقۇۋاتقىنى
مارسېل پروستنىڭ مەشھۇر رومانى « سۇدەك ئۆتكەن يىللارنى

ئەسلەش » بولسا كېرەك .

بىر دەمدىن كېيىن پويىز بېلەتچىسى كېلىپ بىزنىڭ نەدە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمىزنى سوراشقا باشلىدى .

— ئەنۋەرپ ، — دېدى ھېلىقى ئايال پويىز بېلىتى كارتۇشكىسىنى بېلەتچىگە سۇنۇۋېتىپ .

ئۇ ئايال ئېنىقكى يېڭى يىل دېگىنى پويىزدا ئاڭلايتتى ، ياكى مۇشۇ كىتاب ئوقۇغان پېتى يەنە بىر يېڭى يىلنىڭ ۋاقىت ئېقىنىغا كېتەتتى . چۈنكى ئۇنىڭ مەنزىلى بولغان ئەنۋەرپ ( Anwerp ) قا پويىز يەنە بىر يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن يېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ يېڭى يىلدا نېمە ئۈچۈن يالغۇزلۇقنى تاللىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم . يېڭى يىل ئادەمگە ئۈمىدۋارلىق بېغىشلاپلا قالماستىن ، يەنە بىزنىڭ نېمىلەرنى يوقاتقانلىقىمىزنى ، نېمىلەرگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمىزنىمۇ رەھىمسىزلەرچە بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ . بىز ۋاقىتنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئالاھىدە ۋاقىت يارىتىش ئارقىلىق — بايرام ۋە يېڭى يىل كېچىسىدەك — ئۇنتۇۋېلىشقا ئامراق . ئەمەلىيەتتە ، بىز ۋاقىتنىڭ چەكسىز سوزۇلغان قۇدرىتىنى ئالاھىدە كۈنلەر ئارقىلىق ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈۋېتىشكە ياكى ئۇنىڭ بىزنى چىرماپ تۇرغان ھۆكۈمرانلىقىغا بىردەملىك ئەسەبىيلىك ئارقىلىق ئىسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر . ئادەم ئۆزىنىڭ بىر كۈنى تۇپىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ قەلبى مۇزلاپ كېتىدۇ ، لېكىن ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك . گەرچە ۋاقىتنىڭ غايەت زور ئېقىنىدا تۇرۇپ ۋاقىت بىلەن ئېلىشىش بىمەنىدەك كۆرۈنسىمۇ ، بۇلار بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزنىڭ ئەسلىمىلىرىنى بىر - بىرلەپ بارلىققا كەلتۈرىدۇ . بىزنىڭ ھاياتىمىز ماھىيەتتە ۋاقىتنىڭ غەلىبىسىنى تەنھالىق ئارقىلىق ئىسپاتلاش جەريانىدۇر . بىز ۋاقىت ئالدىدىكى ئامالسىزلىقىمىز ۋە ماجالسىزلىقىمىزنى سېزىش بىلەن بىرگە ئەڭ مۇھىمى ئۇنى ھاياتىمىزنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە





ئايلاندۇرىمىز .

ئالدىمدىكى بۇ ئايال ھازىر فىزىكىلىق ئېقىنىدا ئەمەس بەلكى ئېستېتىكىلىق ۋاقىت ئېقىنىدا ، بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈ كەلمەيدىغان ۋە ۋاقىتقا كۆمۈلگەن يىللىرىنى ئىنسانلارنىڭ يىل بوسۇغىسى قىلغان يېڭى يىل كېچىسىدە ئەسلەۋاتقاندۇر. خۇددى ئەپلاتوننىڭ « ئىدىيە » ( چۈشەنچىسى ) سى مەڭگۈلۈك بولغىنىدەك ، يېڭى يىلدا « ئىدىيە ئوقۇش » ئۇنىڭغا ئەبەدىيلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىشى مۇمكىن . چۈنكى ، ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان ئادەمگە ئۈمىد ئانچە مۇھىم ئەمەس ، مۇھىمى ئەبەدىيەتنىڭ ( ئەتەرنىتي ) شەپىسىنى تەنھا سېزىشتۇر . سەنئەت ئادەمنىڭ ۋاقىتنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇنۇشىدۇر ، ئۇ ئادەمگە ئەبەدىيەت تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدۇ . سەنئەتنىڭ « ۋاقىت » ئېقىنىدا « سۇدەك ئۆتكەن يىللار » نى ئەسلەش بىلەن ھەربىر يېڭى يىلدا كەلگۈسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قاراشقا تىرىشىشنىڭ ئەھمىيىتى يوقىلىدۇ .

ئايال كىتاب ئوقۇۋاتاتتى ، يېنىمدىكى قارا تەنلىك بالا قۇلىقىغا ئۈنئالغۇنىڭ تىڭشىغۇچىنى سېلىۋېلىپ لىڭشىپ كېتىۋاتاتتى . دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم ، قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا ھەممە نەرسە شۈمشىيىپلا قالغانىدى . ئايال پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتاتتى . مەن ۋاقىتنىڭ توختىماي ئۆتۈۋاتقانلىقىنى جىممىدە ۋە تەنھا سېزىۋاتاتتىم .

تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ تەنھالىقتا قوزغايدىغان شادلىقىنى تەسۋىرلەش ھەقىقەتەن قىيىن . ئادەم تەنھالىقتا ئۆزىنى تىڭشاشتىن دۇنيانى تىڭشاشقا ئۆتىدۇ . جامېس جويىس يات ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگىنىدە مۇنداق يازغان : « مەن داۋاملىق دۇبلىن ھەققىدە ئەسەر يازىمەن ، چۈنكى ئەگەر مەن دۇبلىننىڭ قەلبىگە يېتەلىسەم ، دۇنيادىكى ھەممە شەھەرلەرنىڭ قەلبىگە يېتەلەيمەن » . تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە سوزۇلغان

ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۈمىد ، غايە بىلەن تەقدىر ، ئەسلىمە بىلەن مەۋجۇتلۇق ۋە ياشاش بىلەن كەلگۈسى ئارىلىشىپ كەتكەن تەنها سەپەردىن ماڭا شۇ نەرسە بارغانسېرى ئايان بولۇۋاتىدۇكى ، مەن ئۈچۈن تەكلىماكانىنى چۈشىنىش دۇنيانى چۈشىنىش دېمەكتۇر .

2001 ـ يىلى ، ئاۋغۇست ، لېۋېن



پىلانلىغۇچى: ئۈرۈمچى ئىزچىلار كىتابخانىسى
مەسئۇل مۇھەررىرى: كۈرەشجان ئۆمەر
كوررېكتور: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: كامىل ھوشۇر

# تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە

ئاپتورى: مەتتىمىن ئەلا

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32 باسما تاۋىقى: 5.5
2002 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2002 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 ـ 4000
ISBN 7—228—06857—2/I·2509
باھاسى: 8.00 يۈەن